جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)

George Orwell

# ھايۋانلار قورۇقى

## Animal Farm



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۆچقۇن



ISBN 978-7-105-12666-8

定价：11.00 元

www.uyghurkitap.com



George Orwell
1903 - 1950

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)



# Animal Farm

# ھايۋانلار قورۇقى

(رومان)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىدىن



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئىدرىسى

# ئاپتور ھەققىدە

## (خەنزۇچە نەشرىدە بېرىلگەن)

جورج ئورۋېل (1903 ـ 1950، George Orwell) نىڭ ئەسلىي ئىسمى ئېرىك ئارتۇر بلايىر (Eric Arthur Blair) بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە يازغۇچىسى، نەسرچىسى ۋە ئوبزورچىسى. ئۇ «ھايۋانلار قورۇقى» (Animal Farm) ۋە «1984» (Nineteen Eighty ـ Four) قاتارلىق پىروزا ئەسەرلىرى بىلەن داڭ قازانغان.

ئورۋېل ھىندىستاننىڭ بېنگال ئىشتاتىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتىسى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىندىستاندىكى كىچىك ئەمەلدارى بولغان. ئورۋېل ئۆزى نامرات بولسىمۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئەنگلىيەگە قايتقاندىن كېيىن، 1917 ـ يىلى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئىتون (Eton) مەكتىپىگە كىرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇيدۇ ھەم دەسلەپكى ماقالىلىرىنى مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىدۇ. ئورۋېل 1922 ـ يىلى بىرمىغا بېرىپ، ھىندىستاندىكى خان جەمەتى ساقچىلىرىنىڭ بىرمىدا تۇرۇشلۇق قىسمىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ برىتانىيە ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىرما خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئازابلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1927 ـ يىلى بىرمىدىن قايتىپ بىر يىلدىن كېيىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. كېيىن ئۇ شۇ مەزگىللىك ھايا-

تىدا ئېرىشكەن خام ماتېرىياللار ئاساسىدا «بىرمىدىكى كۆز-
لەر» (1934) ۋە تەرجىمىھال خاراكتېرلىك نەسرلەر توپلىمى
«پىل ئوۋلاش خاتىرىسى» (1936)، «دار» (1931) قاتارلىق
ئەسەرلەرنى يازىدۇ. ئىرقىي ۋە سىنىپىي پەرق تۇپەيلى ئۇر-
ۋېل يەرلىك بىرما خەلقى بىلەن ئورتاق ياشاشقا ئامالسىز قا-
لىدۇ. ئۇ ئەنگلىيەگە قايتقاندىن كېيىن، گۇناھىنى يۇيۇش
ئۈچۈن جۇل - جۇل كىيىملەرنى كىيىپ، شەرقىي لوندون
ۋە پارىژدىكى نامراتلار رايونىدا تىلەمچىلەر ۋە قاچا يۇيغۇ-
چىلار بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇ يەنە ئەنگلىيە
سەرگەردانلىرى بىلەن سەرگەردانلىقنى باشتىن كەچۈرىدۇ،
نامراتلار بىلەن بىرگە كېنىت داللىرىغا بېرىپ، ئاق كەن-
دىر يىغىدۇ. ئۇ بۇ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن «لوندون ۋە
پارىژدىكى غۇربەت» (1933) دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلىپ،
ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ
تۇنجى رومانى «بىرمىدىكى كۈنلەر»دە سەزگۈر، دۇرۇس، ئەم-
ما ھېسسىيات جەھەتتە يالغۇز قالغان بىر ئادەمنىڭ سەمى-
مىيەتسىز ۋە بۇرۇقتۇم جەمئىيەت بىلەن بولغان سىغىشال-
ماسلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كېيىنكى پىروزىلىرىنىڭ
ئاساسىي ھالىتىنى تۇرغۇزغان. ئۇ «باستىرنىڭ قىزى»
(1935) دېگەن ئەسىرىدە، بىر قېرى قىزنىڭ كەچۈرمىشلى-
رىنى يازغان. «ئاسپىدىسترا پەرۋاز قىلسۇن» (1936)دا،
بىر كىتابخانا خىزمەتچىسىنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنغان.

جاھانگىرلىككە بولغان بىزارلىق ئورۋېلنى بۇرژۇئازد-
يەچە تۇرمۇشتىن ۋاز كەچتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە سوت-
سىيالىزمغا مايىللاشتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي قاراش-
لىرىنى «ۋىگان پىرىستانىغا بارىدىغان يول» (1937) دېگەن
ماقالىلار توپلىمىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ بۇ كىتابىدا يەنە
ئەينى دەۋردىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنى ئۆتكۈر تەنقىد

قىلىدۇ. 1936 ـ يىلى ئىسپانىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇشنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئىسپانىيە جۇمھۇرىيەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى ئەترىتىگە قاتنىشىپ، كەنجى لېيتېنانت بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بويىنى ئېغىر يارىلىنىدۇ، ئۇ شۇ يەردىكى كومپارتىيەنىڭ قارشى سىياسىي قۇتۇپلارنى باستۇرۇشىغا قوشۇلماي، 1937 ـ يىلى ئىسپانىيەدىن قېچىپ چىقىپ، «كاتالونىيەگە سالام» (1938) نى يازىدۇ ـ دە، بىر ئۆمۈر كوممۇنىزم ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ ياشايدۇ. ئۇ ئەنگلىيەگە قايتقاندىن كېيىن، مۇرەككەپ كونسېرۋاتىپ ئۇسلۇبتا «قاڭقىپ چىقىپ نەپەس ئېلىش» (1939) نى يازىدۇ. بۇ ئەسەردە ئۇ ئەنگلىيەنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇرۇش ۋە فاشىزم توغرىسىدىكى تەشۋىشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ BBC نىڭ ھىندىستان بۆلۈمىدە، سول قانات ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ «مۇنبەر گېزىتى»دە خىزمەت قىلىپ، مول ھوسۇللۇق مۇخبىر ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ يىگىرمە يىللىق يېزىقچىلىق ھاياتىدا ئىككى مىليون خەتلىك ئەسەر يېزىپ قالدۇرىدۇ.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

# بىرىنچى باب

قورۇقنىڭ ئىگىسى جونېس ئەپەندى ئۇخلاشتىن بۇرۇن
كاتەكلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئوبدان ئەتكەن بولسىمۇ، مەستـ-
لىكى تۈپەيلى بەزى يان ئىشىكلەرنى ئېتىشنى ئېسىدىن چىـ-
قىرىپ قويغانىدى. ئۇ دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقاچقا، قولىدىكى
پەنەرنىڭ شولىسىمۇ ئەلەڭگىيتتى. ئۇ ئارقا ئىشىكتىن
كىردى - دە، ئۆتۈكلىرىنى تېپىشلەپ، ئالمان - تالمان سېـ-
لىپ تاشلىدى. ئاندىن قاچا يۇيۇش ئۆيىدىكى پىۋا كۈپىدىن
بۈگۈنگە تەۋە ئاخىرقى بىر ئىستاكان پىۋىسىنى ئېلىپ
ئىچىۋالغاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ جونېس خانىم
خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.



چىراغ ئۆچۈشكە قوتان ۋە كاتەكلەرنىڭ ئىچىنى ھايۋانلارنىڭ يېنىك تىۋىشى بىر ئالدى. مۇنداق بىر خەۋەر كۈندۈزدىلا تارقالغانىدى: ئېيتىلىشىچە، قېرى مايور — بۇرۇن مۇكاپاتقا نائىل بولغان ھېلىقى قاۋان — ئالدىنقى كېچىسى كۆرگەن غەلىتە چۈشىنى باشقا ھايۋانلارغا سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپتىمىش. شۇڭا، بارلىق ھايۋانلار جونېس ئەپەندى ئۇخلاپ بولغاندىلا، ئاشلىق ئامبىرىغا تولۇق يىغىلماقچى بولۇشقانىكەن. قېرى مايور (گەرچە ئۇ ئەينى يىللىرى ۋىللىڭتوننىڭ بەرناسى سۈپىتىدە كۆرگەزمە قىلىنغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتاپ كېلىشكەنىدى) قورۇقتا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، ھەربىر ھايۋان بىرەر سائەتلىك ئۇيقۇسىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاشقا رازى ئىدى.

ئاشلىق ئامبىرىنىڭ بىر بېشىدا سۇپا بار ئىدى. مايور ئاللىبۇرۇن سۇپىدىكى پاخال كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، تورۇستىكى لىمغا ئېسىپ قويۇلغان پەنەر ئۇنىڭ ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرگەن، يېقىندىن بېرى ئازراق سەمىرىپ قالغان بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا سالاپەتلىك ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ قوزۇق چىشلىرى تېخى ئۆسمىگەن بولسىمۇ، پاراسەتلىك مويسىپىتتەك كۆرۈنەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا باشقا ھايۋانلار يېتىپ كېلىشتى ـ دە، ئۆز ئادەتلىرى بويىچە جاي ئېلىشتى. ئالدى بىلەن بىلوبېل، جېسسى، پىنچېر ئىسىملىك ئۈچ ئىت يېتىپ كەلدى، كېيىن يېتىپ كەلگەن بىرنەچچە چوشقا سۇپىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالدى. مېكىيانلار دېرىزە تەكچىسىگە چىقتى، كەپتەرلەر تورۇستىكى بادىرىلارغا قوندى، كالا ۋە قويلار چوشقىلارنىڭ كەينىدىن ئورۇن ئېلىپ، كۆشەپ يېتىشتى. ئىككى ئات تەڭلا كىرىپ كەلدى، ھارۋا تارتىدىغان بۇ جاپاكەش ئاتلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى بوكسېر، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى

كلوۋېر ئىدى. ئۇلار ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا بىرەر كىچىك جانىۋار بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك، يۇڭلۇق پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ ئېلىشاتتى. كلوۋېر بېجىرىم، ئەمدىلا ئوتتۇرا ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، تۆتىنى تۇغقاندىن كېيىن بۇرۇنقى لاتاپىتىنى ساقلاپ قالالمىغانىدى. بوكسىر تولىمۇ قامەتلىك بولۇپ، بويى ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلەتتى، كۈچى ئادەتتىكى ئىككى ئاتنىڭ كۈچى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇنىڭ پۇتىغىچە سوزۇلغان ئاق قاشقىسى ئۇنى سەل - پەل كالىۋا چىراي كۆرسىتىپ قوياتتى. گەرچە ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چىدامچانلىقى ۋە ئىشچانلىقى بىلەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. ئاتلاردىن كېيىن يېتىپ كەلگىنى ئاق ئۆچكە مورىل بىلەن ئېشەك بىنيامىنلار بولدى. بىنيامىن قورۇقتىكى ئەڭ قېرى ھايۋان بولۇپ، مىجەزى چۇس ئىدى. ئۇ ئادەتتە جىق گەپ قىلمايتتى. ئەمما، ئاغزى ئېچىلىدىغانلا بولسا مەسخىرىلىك ئەپسانە گەپلەر تۆكۈلەتتى. پەرۋەردىگار ماڭا چىۋىن قورۇغۇدەك قۇيرۇق بېرىپتىكەن، مەنچە بولسا چىۋىن بىلەن قۇيرۇقنىڭ ھەر ئىككىسىنى پەرۋەردىگارغا قايتۇرۇۋەتكۈم بار، دەيتتى ئۇ. ئۇ زادىلا كۈلمەيتتى، باشقىلار نېمىشقا كۈلمەيسەن، دەپ سوردسا، بۇ جاھاننىڭ كۈلگۈدەك نېمىسى بار، دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ئاغزىدا دېمىسىمۇ بوكسىرغا بەك قايىل ئىدى. ئۇلار ھەر يەكشەنبىدە باغنىڭ كەينىدىكى ئوتلاقتا بىر - بىرىگە يانمۇ يان تۇرۇپ ئۈن - تىنسىز ئوتلايتتى.

گېپىمىزگە كەلسەك، بوكسىر بىلەن كلوۋېر جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئانىسىدىن ئايرىلغان بىر توپ ئۆردەك چۈجىلىرى رەتلىك تىزىلىپ غاقىلداشقىنىچە كىرىپ كەلدى، ئۇلار ئۇياق - بۇياقلارغا قاراپ، ئۆزلىرى دەسسىلىپ كەتمەيدىغان بىرەر ئورۇننى ئىزدەشتى. كلوۋېر ئۇزۇن پاچاقلىرىنى سوزۇپ، ئۆردەك چۈجىلىرىنى ھىمايىسىگە ئال-

دى. ئۇلار كلوۋبرنىڭ پۈتىدىن ھاسىل بولغان ئۈۋا ئىچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئارامخۇدا مۈگدەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا جونىس ئەپەندىنىڭ ھارۋىسىنى سۆرەيدىغان موللى كىرىپ كەلدى، بۇ ئاق بايتال چىرايلىق بولغىنى بىلەن، دۆت ئىدى. بەللىرىنى تولغاپ قىلىق چىقىرىپ ماڭاتتى، ئۇ ئاغزىغا قەنت سېلىنىۋالغانىدى. ئۇ ئالدىدىن بىر ئورۇننى تاپتى ۋە ئاق يالىنى توختىماي سىلكىدى، ئېخى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، يالىغا قىزىل لېنتا چىگىۋالغانىدى. ھەممىنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەلگىنى مۈشۈك بولدى، ئۇ ئىسسىقراق بىر يەر ئىزدەپ، بوكسېر بىلەن كلوۋبرنىڭ ئارىسىغا سىغدالدى. ئادەتتە ئۇ مايور سۆزلەۋاتقاندا، پەس ئاۋازدا مىياۋلاپ، رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، ئەمما مايورنىڭ بىر ئېغىز گېپىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

موسېستىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى، موسېس كۆندۈرۈلگەن بىر قاغا ئىدى، ئارقا ئىشىكتىكى توغرىسىغا قويۇلغان تاختىدا ئۇخلايتتى. مايور كۆپچىلىكنىڭ تەق بولۇپ تۇرۇشقىنىنى كۆرۈپ گېلىنى قىرىپ، سۆزىنى باشلىدى:

ــــ يولداشلار، تۈنۈگۈن ئاخشام مېنىڭ غەلىتە بىر چۈش كۆرگىنىمدىن ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بار. ئۇنى سەل تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىمەن. ئالدى بىلەن باشقا بىر ئىشنى دەي. يولداشلار، سىلەر بىلەن بىللە ئۆتىدىغان ۋاقتىم ئاز قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ دۇنياغا كېتىشتىن بۇرۇن، ئەقىل ـ پاراسىتىمنى سىلەرگە قالدۇرۇپ كېتىشنى بۇرچۇم، دەپ بىلىمەن. خېلى ئۇزاق ئۆمۈر كۆردۇم. قوتاندا يالغۇز قالغانلىرىمدا، جىق نەرسىلەرنى ئويلايتتىم. قانداق ياشاشنى باشقىلاردىن ئوبدان بىلىمەن دېيەلەيمەن. مەن سىلەرگە مۇشۇ ھەقتە سۆزلىمەكچى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنداقتا، يولداشلار، بىزنىڭ كۈنىمىز زادى قانداق ئۆتۈ-
تۇۋاتىدۇ؟ راستىنى دېگەندە، ئۆمرىمىز پاجىئەلىك، كۈلپەت-
لىك ۋە قىسقا بولۇۋاتىدۇ. تۇغۇلىشىمىز بىلەنلا بىزگە بېرى-
لىدىغىنى ئىسسىق جانىنى ساقلاپ قالغۇدەك نەرسىلەر بول-
دى. تىرىكلىرىمىز ھالىمىزدىن كەتكۈچە ئەمگەككە سېلى-
نىمىز. كۈچىمىزدىن قالغاندا، ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىمىز.
ئەنگلىيەدە ھايۋانلار بىر يېشىدىن باشلاپلا ھاياتنىڭ خوشلۇ-
قىنى كۆرمەي، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولىدۇ. ھايۋانلار ئۆ-
مۈر بويى ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىز تەبىئىي ئامىل تە-
رىپىدىن بەلگىلەنگەنمۇ؟ بۇ تۇپراقتىكى جاندارلار نامراتلىق
تۇپەيلى ئىززىتى بىلەن ياشاشقا ئامالسىز قېلىۋاتامدۇ؟ ياق،
يولداشلار، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!
ئەنگلىيەنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، كىلىماتى ياخشى. سانىمىز
ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغاندىمۇ باياشات ئۆتەلەي-
مىز. پەقەت مۇشۇ قورۇقتىلا يىگىرمە ئات، يىگىرمە كالا،
نەچچە يۈز قوي تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ بەھۇزۇر ياشىيالاي-
دۇ. بىراق، بىز يەنە نېمىشقا شۇنچە بىچارە ياشايمىز؟ سەۋەبى
ئىنسانلار بىزنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىمىزنى قالدۇرماي ئېلىۋا-
تىدۇ. يولداشلار، مانا بۇ بارلىق مەسىلىنىڭ جاۋابى. بۇنى
ئاددىيلاشتۇرساق، «ئىنسان» دېگەن سۆزگە مەركەزلىشىدۇ.
ئىنسانلار بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز. ئۇلارنىڭ باشقۇ-
رۇشىدىن قۇتۇلساقلا، قورساق تويمايدىغان، تۈگىمەس ئەم-
گەككە سېلىنىدىغان كۈنلەردىن قۇتۇلىمىز.

جانلىقلار ئىچىدە پەقەت ئادەملا ئىستېمال قىلىدۇ،
ئىشلەپچىقارمايدۇ. ئادەملەر سۈت بەرمەيدۇ، تۇخۇم تۇغمايدۇ.
ئادەملەر سۆرەم سۆرەشكە يارىمايدۇ، توشقان تۇتقۇدەك يۈگۈ-
رەلمەيدۇ، ئەمما، ئۇلار بارلىق ھايۋانلارنىڭ خوجىسى، ئادەم-

لەر ھايۋانلارنى ئۆلگۈدەك ئىشلىتىدۇ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە بىر نەرسە بېرىدۇ. نۇرغۇن قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالىدۇ. بىز ئەمگىكىمىز بىلەن زېمىننى ياشارتىمىز، قىغلىرىمىز بىلەن تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرىمىز، ئەمما، ھېچبىرىمىز تېرىمىزدىن ئۆزگە نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيمىز. مانا ماۋۇ كالىلاردىن سوراپ باقاي، سىلەر ئالدىنقى يىلى قانچە مىڭ گاللون سۈت تەمىن ئەتتىڭلار؟ تالاي ساغلام موزايلارنى باقىدىغان بۇ سۈتلەر نەگە كەتتى؟ بۇ سۈتلەرنىڭ ھەربىر تامچىسىنى دۈشمەنلىرىمىز ئىچىپ كەتتى. ئەي، مېكىيانلار، ئالدىنقى يىلى سىلەر قانچە تۇخۇم تۇغدۇڭلار؟ بۇلاردىن نەچچىسى چۈجە بولالىدى؟ تۇخۇملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بازارلاردا سېتىلىپ، جونىستەك ئادەملەرنىڭ چۆنتىكىنى تومپايتتى. كلوۋېر، سېنى ئالساق، سەن تۆتنى قۇلۇنلىدىڭ، قېرىغىنىڭدا ئۇلار ساڭا ئەسقېتىپ، سېنى ئارامغا چىقارسىلا بولاتتى، لېكىن، ئۇلار قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلار يېشىغا توشۇپلا سېتىۋېتىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنى پەقەتلا كۆرەلمىدىڭ. سەن قۇلۇنلىدىڭ، ئېتىزلاردا جاپا چەكتىڭ، بۇ ئەجرىڭگە نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ ئاچ قالمىغۇدەك قوتاندىن بۆلەك نېمىگە ئېرىشتىڭ؟

ھەتتا، ئۇلار بىزنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئۆمرىمىزنىمۇ تەبىئىي ئاخىرلاشتۇرغىلى قويمايدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام، مېنىڭ ئانچە دادلىغۇم يوق، ھەر ھالدا تەلىيىم يامان ئەمەس. مەن ئون ئىككى يىل ياشاپ، تۆت يۈز پەرزەنتكە ئاتا بوپتىمەن. مانا بۇ بىر چوشقىنىڭ تەبىئىي ھاياتى. لېكىن، ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە پىچاقتا يەم بولمايدىغىنى يوق. ئالدىمدىكى مۇنۇ بۇدرۇق چوشقا كۈچۈكلىرى بىر يىلغا قالمايلا قۇشخانىدا چىرقىراپ جان بېرىدۇ. بۇنداق رەھىمسىز كۈلپەت ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ـــ قوي، كالا، چوشقا، توخۇ دېگەنلەرنىڭ

ھەممىسىلا بۇ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئات بىلەن ئىتنىڭ تەقدىرىدىمۇ چوڭ پەرق يوق. بوكسېرنى ئالساق، ئۇنىڭ قاۋۇل مۇسكۇللىرى ھامان بىر كۈنى كۈچىدىن قالىدۇ، ئاخىرىدا جونېس ئۇنى ئاجىز قېرى قاتارىدا سېتىۋېتىدۇ. ئۇنى سېتىۋالغانلار گۆشىنى پىشۇرۇپ ئىتلىرىغا زىياپەت قىلىپ بېرىدۇ. ئىتلارغا كەلسەك، ئۇلار قېرىپ چىشلىرى قالمىغاندا، جونېس بوينىغا كېسەك باغلاپ ئەتراپتىكى بىرەر كۆلگە تۇنجۇقتۇرىۋېتىدۇ.

يولداشلار، تۇرمۇشىمىزدىكى پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىن كەلگەن، ئەجەبا، بۇ شۇنداق ئېنىق تۇرمامدۇ؟ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىلا، ئەمگەك مېۋىلىرىمىز ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولىدۇ، بىز شۇئان ھۆرلۈك ۋە بايلىققا ئېرىشىمىز. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلساق بولار؟ ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى غولىتىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. يولداشلار، سىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇرۇم بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈش! بۇ ئىسياننىڭ ۋاقتى بىر ھەپتىدىن كېيىن يېتىپ كېلەمدۇ ياكى يۈز يىلدىن كېيىن يېتىپ كېلەمدۇ، بۇنىسىنى ئېنىق بىلمەيمەن، ئەمما، ئادالەتنىڭ ھامان بىر كۈنى ئىشقا ئاشىدىغانلىقى بەش قولدەك ئايان. يولداشلار، كۆپ ۋاقتىڭلارنىڭ قالمىغانلىقىنى يادىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار! ئەڭ مۇھىمى مەن يەتكۈزگەن بۇ ئۇچۇرنى ئەۋلادلىرىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار، غەلىبە قىلغانغا قەدەر كۈرەشنى توختاتماڭلار!

— يولداشلار، سەمىڭلاردا بولسۇنكى، ئىرادەڭلاردىن ھەرگىز قايتماڭلار. چىرايلىق گەپلەرگە ئالدىنىپ، تويۇق يولغا كىرىپ قالماڭلار، مۇبادا ئىنسانلار سىلەرگە ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ مەنپەئەتى ئورتاق، ئادەملەر باي بولسا ھايۋانلارمۇ باي بولىدۇ دېسە، بۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز ئى-

شەنمەڭلار. ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىنىلا كۆز-
لەيدۇ، باشقا ھايۋانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ.
بىز ھايۋانلار كۈرەش داۋامىدا مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ،
ھەقىقىي يولداشلىقنى، قېرىنداشلىق زەنجىرىنى ياساپ چى-
قىشىمىز زۆرۈر. بارچە ئىنسان بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، بارچە
ھايۋان بىزنىڭ يولدىشىمىز.

كۆپچىلىك ئارىسىدا تۇيۇقسىز بىر غەلىيان كۆتۈرۈلدى.
مايور سۆزلەۋاتقاندا، تۆت يوغان چاشقان ئۇۋىسىدىن چىقىپ،
زوڭزايغىنىچە ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشتى. بىراق ئىتلار
ئۇلارنى بايقاپ قالدى، چاشقانلار يۇكتادەك تېز قاچسىلا ھايا-
تىنى ساقلاپ قالالايتتى. مايور ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ، كۆپ-
چىلىكنى تىنچلىنىشقا دەۋەت قىلدى.

— يولداشلار، بۇ يەردە قارار قىلىشقا تېگىشلىك بىر
ئىش بار. چاشقانلار ۋە ياۋا توشقانلارغا ئوخشاش غەيرىي ئۆي
ھايۋانلىرىنى دوستىمىز قاتارىدا كۆرەمدۇق ياكى دۈشمىنى-
مىز قاتارىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە قارار چىقىرايلى. كۆپچىلىك،
چاشقان بىزنىڭ دوستىمىزمۇ؟ بۇنى ئاۋازغا قويايلى.

كۆپچىلىكنىڭ كۆپىنچىسى چاشقاننى دوست قاتارىدا
كۆردى. پەقەت ئۈچ ئىت بىلەن بىر مۈشۈكلا قارشى بېلەت
تاشلىدى. مۈشۈكنىڭ ھەم قوللاش، ھەم قارشى تۇرۇش بې-
لىتى تاشلىغانلىقى كېيىنرەك پاش بولدى. مايور سۆزىنى
داۋام قىلدى:

— دېمىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى دەپ قويدۇم. كۆپچى-
لىكنىڭ سەمىگە قايتا سېلىپ قويايكى، مەسئۇلىيىتىڭلارنى
ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئىنسانلارنى دۈشمەن كۆرۈشنى
تەرك ئەتمەڭلار. ئىككى پۇتلۇقلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، چا-
ھارپايلار ۋە ئۈچار قاناتلار بىزنىڭ دوستىمىز. ئېسىڭلاردا
بولسۇنكى، بىز ئىنسانلارغا قارشى كۈرەشتە، ئۇلارنى دوراي-

www.uyghurkitap.com

دىغان ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالساق بولمايدۇ. سىلەر ئىنسانلار-
نى بويسۇندۇرغان چاغدىمۇ، ھەرگىز ئۇلارنىڭ يامان ئادەتلى-
رىگە ۋارىسلىق قىلماڭلار. ھايۋانلار ھەرقاچان ئۆيدە ياشى-
ماسلىقى، كارىۋاتتا ئۇخلىماسلىقى كېرەك؛ كىيىم كىيىدى-
غان، هاراق ئىچىدىغان، تاماكا چېكىدىغان، پۇل خەجلەيدى-
غان، سودا - سېتىق قىلىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق
زۆرۈردۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئادىتى رەزىلدۇر. مۇھىمى،
ھايۋانلار ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى بوزەك ئەت-
مىسۇن. كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولايلى، ئەقىللىق ياكى دۆت
بولايلى، ھەممىمىز قېرىنداش، ھايۋانلار بىر - بىرىنى ئۆل-
تۈرسە بولمايدۇ. ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر.

يولداشلار، ئەمدى تۈنۈگۈنكى چۈشۈمنى سىلەرگە ئېيتى-
تىپ بېرەي. چۈشۈمنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق
قىلىمەن. ئىنسانلار يوقالسا زېمىننىڭ قانداق بولىدىغانلى-
قىنى چۈشەپتىمەن. بۇ چۈش ماڭا ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ
كەتكەن بەزى ئىشلارنى ئەسلەتتى. مېنىڭ كۈچۈك چاغلىرىم
ئىدى، ئانام ۋە باشقا مېكىجىنلار قەدىمي بىر ناخشىنى ئو-
قۇيتتى، ئۇلار ئاھاڭنى غىڭشىپ قويۇپ، تېكىستىنى ئوقۇش-
نى بىلمەيتتى. بىلدى دېگەندىمۇ پەقەت ناخشىنىڭ بېشىدىكى
ئۈچ مىسراسىنىلا بىلەتتى. مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئاھاڭنى
ئۆگىنىۋالغان بولساممۇ، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنگە
خېلى مەزگىللەر بولغانىدى. ئۇ ئاھاڭ تۈنۈگۈن ئاخشام چۈ-
شۈمدە ئايان بولدى. ھەيرانمەنكى، ناخشىنىڭ تېكىستىمۇ
ئېسىمگە كەلدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ ناھايىتى ئۇزۇن يىللار
ئىلگىرى ئېيتىلغان ناخشا بولۇپ، كېيىنكى نۇرغۇن
يىللاردا ئۇنتۇلغانىدى. يولداشلار، ھازىر سىلەرگە شۇ ناخ-
شىنى ئېيتىپ بېرىمەن. قېرىپ قالدىم، ئاۋازىم ناچار،
بىراق، مېنىڭدىن ناخشىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن،

سىلەر ئوبدان ئوقۇغىلار. ناخشىنىڭ ئىسمى «ئەنگلىيە جا-نىۋارلىرى».

مايور گېپىنى قىرېۋەتكەندىن كېيىن، ناخشىنى ئوقۇش-قا باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىقىنىدەك، ئۇنىڭ ئاۋازى راستىنلا غاراڭ ـ غورۇك ئىدى. ھەر ھالدا ئۇ ناخشىنى ئېيتالىدى، «كېلېمېنتىن» بىلەن «لاكوكاراچا» دېگەن ئا-ھاڭلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاھاڭ كىشىدە ھېسسىيات پەيدا قىلاتتى. ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى:

*ئەنگلىيە جانىۋارلىرى، ئىرېلاندىيە جانىۋارلىرى،*
*ئون سەككىز مىلڭ ئالەمنىڭ تۇرلۇك تۇمەن جانلىرى،*
*قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، بۇ شادىمان ناخشامنى،*
*كۈيلىنىدۇ بەك گۈزەل كەلگۈسى دەۋرانلىرى.*

*شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ، مەيلى كېيىن يا بالدۇر،*
*ئىنسانىيەت زۇلمىنىڭ تايىمشلىرى زاۋالدۇر.*
*ئەنگلىيە تۇپرىقى بىزگە ئوغچە قالىدۇ،*
*يايراپ مۇنبەت دىياردا بارچە جانلىق خۇشالدۇر.*

*يوقىلىدۇ بىر كۈنى چۇلۇك، چۇلغۇر دېگەنلەر،*
*يەلكىمىزدىن چۇشىدۇ يىرىك توقۇم، ئېگەرلەر.*
*توگەپ كەتسۇن داد بېسىپ تاقىلارنى، يۇگەننى،*
*ئۇستىمىزدە ئوينىماس قامچا دېگەن زەھەرلەر.*

*ئارپا، بۇغداي دېگەنلەر، سۇلۇ، پاخال ـ شومبىلار.*
*بېدە ھەم قىزىلچا، پۇرچاقلار بىزنىڭ بولار.*
*بىزنىڭ بولار شۇ كۈنى باياشاتلىق، خۇشاللىق،*
*ئويلاپ كۆرسەڭ ئەڭ شېرىن چۇشۇغدىمۇ يوق ئۇلار.*

www.uyghurkitap.com

*بىز ھۆرلۈككە يەتكەندە ئاشۇ دەۋران، ئاشۇ كۈن،*
*ئەنگلىيە تۇپرىقى بولار كۆلۈپ لالەگۈن.*
*دەريالاردا، ئۆستەڭدە ئاقار سۇلار سۈپ ـ سۈزۈك.*
*سۆيۈپ لەرزان شاماللار ئايلىنىدۇ سەن ئۈچۈن.*

*ئاشۇ قۇتلۇق كۈن ئۈچۈن بىز قىلىمىز كۈرەشلەر،*
*يالتايمايمىز كەلسىمۇ قانچە ئېغىر زەخمەتلەر.*
*مەيلى كالا، مەيلى ئات، كۈركە توخۇ ياكى غاز،*
*ھۆرلۈك ئۈچۈن قىلىمىز ھەرچاغ ئەجىر ـ مېھنەتلەر.*

*ئەنگلىيە جانىۋارلىرى، ئىربلاندىيە جانىۋارلىرى،*
*ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ تۆرلۈك تۈمەن جانلىرى،*
*قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، بۇ شادىمان ناخشامنى،*
*كۆيلىنىدۇ بەك گۈزەل كەلگۈسى دەۋرانلىرى.*

ناخشا ھايۋانلارنى ھاياجانغا سېلىۋەتتى. مايور ناخشىنى تۈگەتمەيلا ئۇلارمۇ جور بولدى. ئەڭ گالۋاڭ ھايۋانلارمۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭى ۋە تېكىستىنىڭ بىرقانچە مىسراسىنى يادلىۋېلىشقا ئۈلگۈرۈشتى. چوشقا ۋە ئىتقا ئوخشاش زېرەك ھايۋانلار بىرنەچچە مىنۇتتىلا ناخشىنىڭ پۈتۈن تېكىستىنى يادلىۋالدى. بىرنەچچە قېتىملىق مەشىقتىن كېيىن، پۈتۈن قوروقتا «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خور كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ماسلىقتا ئورۇنلاندى. ئىنەكلەر بوم ئاۋازدا مۆرىدى، ئىتلار يۇقىرى ئاۋازدا ھاۋشىدى. قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، غازلارنىڭ غاقىلداشلىرى ئۆز جايىنى تاپتى. ناخشا ھايۋانلارنى يايرىتىۋەتتى، ئۇلار ناخشىنى بەش قېتىم تەكرار ئوقۇدى. ئەگەر كاشىلا يۈز بەرمىگەن بولسا، بۇ ناخشىنى تۈن بويى ئوقۇپ، تاڭنىڭ يورۇغىنىنى سەزمەي قالغان بولاتتى.

ناھايىتى ئەپسۇس، شاۋقۇن ـ سۇرەنلەر جونىس ئەپەن-
دىنى ئويغىتىۋەتكەنىدى. ئۇ قورۇقتا تۈلكە كىرىۋالغان
ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھەمىشە ھۇجرى-
سىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرىدىغان ئوۋ مىلتىقىنى ئالدى ـ دە،
ئالتىنچى نومۇرلۇق بىر تىزىق قوغۇشۇن ئوقىنى قاراڭغۇ-
لۇقتا قارىتىپ ئاتتى. ئوقلار ئاشلىق ئامبىرىنىڭ تاملىرىغا
پېتىپ كەتتى، ھايۋانلار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ھەممە
ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ يۈگۈرەيتتى. قۇشلار قونداقلىرىغا
چىقىۋېلىشتى، تۇياقلىقلار ئېغىللىرىغا كىرىۋېلىشتى، پۈت-
كۈل قورۇق بىردەمدىلا ئۇيقۇغا ئەسىر بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورىيسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

ئۈچ كۈندىن كېيىن، قېرى مايور جىمجىتقىنا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ باغنىڭ ئويمان بىر يېرىگە دەپنە قىلىندى.

مارت ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. كېيىنكى ئۈچ ئايدا مەخپىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالدى. مايورنىڭ نۇتقى قورۇقتىكى ھوشيارراق ھايۋانلارغا تامامەن ئۆزگىچە ھايات قارىشىنى بەخش ئەتكەنىدى. ئۇلار مايور ئېيتقان ئىسيانىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، بىراق، ئۇلار ھامىنى بىر كۈنى چوقۇم بولىدىغان ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. باشقا ھايۋانلارنى تەربىيەلەش ۋە تەشكىللەش ئىشى تەبىئىي ھالدا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق دەپ قارىلىدىغان چوشقىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. چوشقىلارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر بولغانلىرىدىن سىنوۋبول ۋە ناپالېئون دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ياش قاۋان بار ئىدى، جونېس ئەپەندى ئۇلارنى سېتىش ئۈچۈن ئوبدان بورداۋاتاتتى. ناپالېئون بېركشايىر نەسلىدىن بولۇپ، تەق ـ تۇرقى سۈرلۈك ۋە تەمبەل ئىدى. ئۇ كۆز نەسلى بويىچە قورۇقتا بىردىنبىر سانىلاتتى. ئۇ كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان مىجەزى ھەممىگە ئايان ئىدى. ناپالېئونغا سېلىشتۇرغاندا، سىنوۋبول تېتىك، سۆزمەن، پاراسەتلىك بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئۇنى تەمكىن ئەمەس دېيىشەتتى. قورۇقتىكى باشقا قاۋانلار سويۇش

ئۈچۈن بوردىلاتتى، بۇلاردىن سىكالىېر دەپ ئاتىلىدىغان پاكار، سېمىز بىرى داڭلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى دۈگىلەك، كۆزلىرى پارقىراق، ھەرىكىتى چەبدەس، ئاۋازى ياڭراق ئىدى. ئۇ كارامەت گەپدان بولۇپ، بىرەر قىيىن مەسىلىنى دەلىللىمەكچى بولسا، ھەر تەرەپكە چاپچىپ، قۇيرۇقىنى توختىماي شىپاڭلىتاتتى. نېمىشقىدۇر بۇ ئۇسۇل خېلىلا ئۈنۈملۈك بولۇپ چىقاتتى. باشقىلار سىكالىېر ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئۇنى قارىنى ئاق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ دېيىشەتتى.

ئۇ ئۈچ چوشقا قېرى مايورنىڭ ئۆگۈتلىرىنى مۇكەممەل بىر ئىدىيە سىستېمىسىغا ئايلاندۇردى، بۇ مەسلەكنى ئۇلار ھايۋانىزم دەپ ئاتاشتى. ئۇلار ھەپتىسىگە بىر نەچچە ئاخشام جونىس ئەپەندى ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئاشلىق ئامبىرىدا مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، باشقا ھايۋانلارغا ھايۋانىزمنىڭ پىرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلدى. دەسلەپتە جاھىلانە، سوغۇق مۇئاملىگە ئۇچرىدى. بەزى ھايۋانلار جونىس ئەپەندىگە ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار دېيىشتى (ئۇلار جونىس ئەپەندىنى «خوجايىن» دەپ سۆزلەيتتى). بەزى ھايۋانلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئاجايىپ ساددا بولۇپ، «بىزنى جونىس ئەپەندى باققان، ئۇ ئۆلسە بىزمۇ مۇقەررەر ھالدا ئاچ قېلىپ ئۆلىمىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشاتتى. بەزىلەر ھەتتا «بىز ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا نېمانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىمىز؟»، «ئىسيان بەرىبىر يۈز بەرگەنىكەن، ئارتۇقچە جوۋاپ نېمە قىلىمىز؟» دەپ سوراشتى. ئۈچ قاۋان ھايۋانىزمنىڭ روھىغا زىت بۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن جىق كۈچ سەرپ قىلىشتى. ئەڭ ھاماقەت سوئاللارنى ئاق بايتال موللى سورىدى. ئۇ سىنوۋبولدىن

تۈنجى بولۇپ «ئىسياندىن كېيىن ماڭا قەنت بېرىلەمدۇ؟» دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى سىنوۋبول تەمكىنلىك بىلەن، — قو-رۇقىمىزدا قەنت ياسايدىغان ئەسلىھە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەنتنى نىمە قىلاتتىڭ. ساڭا لازىم بولىغان سۇلۇ، ئارپا دېگەن نەرسىلەر ۋاقتى كەلگەندە ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ.

— ئەمىسە، ياللىمغا لېنتا چىگەلەمدىم؟

— يولداش، — دېدى سىنوۋبول، — سېنىڭ يادىڭدىن چىقمايدىغان ئاشۇ لېنتا ئەمەلىيەتتە قۇللۇقنىڭ بەلگىسى. ئەجەبا ئەركىنلىك لېنتىدىن مۇھىم ئەمەسمۇ؟

موللى قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن ئانچە قايىل بولمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

قاۋانلار يەنە كۆندۈرۈلگەن قاغا موسېسنىڭ ئىغۋالىرىغا قارشى جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلدى. موسېس جونىس ئەپەن-دىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەرمىكى ئىدى، ئۇ مەخسۇس جا-سۇسلۇق قىلاتتى ۋە ئىغۋا تارقىتاتتى، ئەمما ئۇ تولىمۇ گەپدان ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كەمپۈت تاغ دېيىلىدىغان سىرلىق بىر يەر بولۇپ، ھايۋانلار ئۆلگەندىن كېيىن شۇ يەرگە كېتەرمىش. موسېسنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سىرلىق يەر ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ كەينىدىلا ئىكەن. كەمپۈت تاغنىڭ بارلىق كۈنلىرى يەكشەنبىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بېدىلىرى يىل بويى ياشىرىپ تۇرىدىكەن. دەرەخلىرىدە چاقماق قەنت ۋە كەندىر پېچىنىسى بولىدىكەن. ھايۋانلار موسېستىن بىزار ئىدى، چۈنكى، ئۇ ھەدېسىلا ئەمگەك قىلماي، يالغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. كەمپۈت تاغنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان بە-زى ئەخمەق ھايۋانلارنىڭ بارلىقىنىمۇ چەتكە قاقىقىلى بول-مايتتى. بۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇچ

قاۋاننىڭ قىلمىغىنى قالمىدى.

بوكسېر بىلەن كلوۋېر ئۈچ قاۋاننىڭ ئەڭ ساداقەتمەن مۇخلىسى ئىدى. بۇ ئىككىسى بىرەر ئىشقا يولۇقسا تېگىگە يەتمەي قويمايتتى، ئۇلار ئۈچ قاۋاننى پىر تۇتقانىكەن، ئۇلار-نىڭ ئېيتقانلىرىنى ئوبدان ھەزىم قىلمىسا بولمايتتى ۋە چۈشەنگەنلىرىنى ئاممىباب يول بىلەن باشقىلارغا يەتكۈزمە-سە بولمايتتى. بۇ ئىككى ئات ھەرقانداق يىغىلىشتا ھازىر ئىدى، يىغىن ئاخىرىدا قائىدە بويىچە ئېيتىلىدىغان «ئەنگلى-يە جانىۋارلىرى» دېگەن خورنى باشلامچى بولۇپ ئوقۇيتتى.

ۋەزىيەت تاسادىپەن مۇنداق بولدى: ئىسيان ئاخىرى يۈز بەردى، بەلكى، پەرەزدىكىدىن خېلىلا بالدۇر ۋە ئاسان يۈز بەردى. ئۆتمۈش يىللاردا، جونېس ئەپەندى بېخىل خوجايىن دەپ سانالغان بولسىمۇ، ئەمما قولىدىن ئىش كېلەتتى، كې-يىنكى يىللاردا تەقدىر ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن قاراپ كەت-مىدى. ئۇ بىر قېتىملىق دەۋادا يېڭىلىپ قېلىپ زىيان تارت-قاندىن كېيىن، چۈشكۈنلىشىپ، ھاراقكەش بولۇپ كەتتى. بىر مەزگىل ئۇ ئاشخانىسىدىكى 18 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق كونا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، گېزىت كۆرۈش، ھاراق ئىچىش ۋە ئاندا ـ ساندا موللىغا پىۋىغا چىلانغان بول-كا ئۇۋاقلىرىنى بېرىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ياللىغان ئىشچىلار بىكار تەلەپلىشىپ، خۇي ـ پەيلى يامانلىشىپ كەتتى، ئېتىزلارنى ياۋا چۆپ باستى، قو-تانلار خاراب بولدى، دەرەخ ۋە قاشالار تاشلىنىپ كەتتى، ھايۋانلار ئاچ ـ توق قالدى.

ئورما مەزگىلىمۇ يېتىپ كەلدى. يۇيۇندۇرۇش بايرىمى (6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى)نىڭ ھارپىسىدىكى بىر شەنبە كۈنى جونېس ئەپەندى ۋىللىڭتوندىكى قىزىل شىر قاۋىقىغا

www.uyghurkitap.com

بىرىپ، بولۇشىغا ئىچىپ، يەكشەنبە كۈنى چۈشتە قايتىپ كەلدى. ئىشلەمچىلەر ئەتىگەندىلا سۈتنى سېغىۋېتىپ، ھايۋانلارنىڭ يېمىنى بەرمەستىنلا توشقان ئوۋلىغىلى كېتىشتى. جونېس ئەپەندى قايتىپ كېلىپلا مېھمانخانىدىكى دىۋاندا «دۇنيا خەۋەرلىرى» دېگەن گېزىتنى يۈزىگە يېپىپ ئۇيقۇغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ چۈشكىچە ھېچكىم ھايۋانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدى. ئاخىرى ھايۋانلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ چىدىيالماي قالدى، بىر ئىنەك مۈڭگۈزلىرى بىلەن يەم ـ خەشەك ئامبىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ھايۋانلار ئوپۇر ـ توپۇر كىرىشىپ، يەيدىغان نەرسىلىرىنى تېپىپ يېيىشكە باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا جونېس ئەپەندى ئويغاندى. ھايال ئۆتمەي، ئۇ تۆت ئىشلەمچىسى بىلەن بىرگە يېتىپ كېلىپ، قامچىسى بىلەن ھايۋانلارنى ئۇدۇل كەلگەنچە ساۋاشقا باشلىدى. ئەسلىدىلا ئاچلىقتىن تاقىتى قالمىغان ھايۋانلارنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى. ھايۋانلار بۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىشىۋالمىغان بولسىمۇ، ھەممىسى بىردەكلا رەھىمسىز خوجايىنىغا شىددەت بىلەن ئېتىلدى. جونېس ۋە ئۇنىڭ مالايلىرى كەلكۈندەك ھۇجۇم ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ۋەزىيەتنىڭ تىزگىنى جونېس ئەپەندىلەرنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. ھايۋانلار ھېچقاچان بۇنداق قىلىشمىغانىدى، جونېس ئەپەندى خالىغانچە قامچا ئۇرۇش ۋە باشقا قىيناشلىرى بىلەن ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ كەلگەنىدى، ھايۋانلارنىڭ بۇ ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىشىدىن جونېس ئەپەندى ھودۇقۇپ، ئېلىشىپ قالايلا دېدى. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، جونېسلار ئۆزلىرىنى قوغداشتىن يالتىيىپ تىكىۋېتىشتى. جونېسلار چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان ھارۋا يولىدا جېنىنىڭ بارىچە قاچاتتى، ھايۋانلار قوغلايتتى.



جونىس خانىم ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىنى ئالمان - تالمان سومكىسىغا قاچىلاپ، باشقا بىر يول ئارقىلىق قېچىپ كەتتى. موسىس قونداقتىن ئۆرلەپ، قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ جونىس خانىمغا ئەگىشىپ قاقىلدىدى. هايۋانلار جونىس ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ مالايلىرىنى چوڭ يولغىچە سۈر - توقاي قىلىپ، بەش تاقاقلىق چوڭ دەرۋازىنى جالاقىدە ئەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغىچىلا هايۋانلارنىڭ ئىسيانى غەلىبىگە ئېرىشتى: جونىس قوغلاندى بولۇپ، قورۇق هايۋانلارغا قالدى.

هايۋانلار باشتا تەلىيىنىڭ بۇنداق ئوڭدىن كەلگىنىگە ئىشىنەلمەي قېلىشتى. ئۇلار قورۇقتا ئادەملەر قالدىمۇ - يوق دېگەننى بىلىش ئۈچۈن تۇنجى قەدەمدە پۈتۈن قورۇقنى تىنتىپ چىقىشتى، ئاندىن قەسىرلەرگە بېرىپ، جونىسنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قالغان نەپرەتلىك ئىزلارنى تازىلاشتى.

ئاتخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى جابدۇق ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى؛ يوگەن، چۇلۋۇر، زەنجىر قاتارلىق نەرسىلەر شۇنداقلا جونىس ئەپەندى قوي ۋە چوشقىلارنى پىچقاندا ئىشلىتىدىغان ياۋۇز تىغلار قۇدۇقتا تاشلاندى. ئارغامچا، نوختا، كۆز تېڭىق، توۋرا دېگەندەك هايۋانلارنىڭ ئىززىتىگە مۇخالىپ نەرسىلەر قورۇدا كۆيۈۋاتقان ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاندى. قامچىلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئاشۇنداق بولدى. هايۋانلار يالقۇندا كۆيۈۋاتقان قامچىلارغا قاراپ تەنتەنە قىلىشتى. بازار كۈنلىرى ئاتلارنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقلىرىغا چىگىلىدىغان لېنتىلارنى سىنوۋبول ئوتقا تاشلىۋەتتى.

— لېنتىمۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭ كىيىمىگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن دېرەك بېرىدىغان نەرسە، — دېدى ئۇ، — هايۋان دېگەن يالىڭاچ بولۇشى لازىم.

بوكسېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تومۇزدا قۇلاقتا چىۋىن كىرىشتىن ساقلايدىغان چىغ قالپاقنى سېلىپ، ئوتقا تاشلىۋەتتى.

هايۋانلار جونىس ئەپەندىنى ئېسىگە سالىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئوتقا تاشلاپ، ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن يوق قىلدى. ئارقىدىن ناپالېئون يەم - خەشەك ئامبىرىغا كۆپچىلىكنى باشلاپ كىرىپ، ھەربىرىگە ئىككى ئۇلۇشتىن يەم - خەشەك ئالدۇردى. ھەربىر ئىت ئىككىدىن پېچىنىگە ئېرىشتى. ئاخىرىدا ئۇلار «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خورنى يەتتە قېتىم توۋلاپ، ئاندىن ئارام ئېلىشتى. بۇ ئاخشام ئۇلار شۇنداق راھەت ئۇخلىدىكى، ئۇلار بۇنداق ئۇخلاپ باقمىغانىدى.

ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا سەھەردە ئويغىنىشتى، تۈنۈگۈنكى چوڭ خۇشاللىقنى توساتتىن يادىغا ئېلىشىپ، ئوتلاققا يۈگۈرۈشتى. بىر دۆڭ بولۇپ، ئۇ يەردىن قورۇقنىڭ

يېرىمىنى دېگۈدەك كۆرگىلى بولاتتى. ھايۋانلار دۆڭگە چىقىپ، سۈزۈك تاڭ نۇرىدا ھەر تەرەپكە قارىشاتتى. شۇنداق، ئۇلار كۆرەلىگەنلىكى نەرسە ئۇلارنىڭ بولدى! بۇنىڭ خۇشاللىقىدا ئۇلار دۆڭنى نەچچە مەرتەم ئايلىنىپ چىقتى، تىنماي سەكرەپ، شادىيانە كەيپىياتقا غەرق بولۇشتى. ئۇلار تاڭ شەبنەملىرىگە چۆمگەن دالىدا ئېغىنايتتى، يازنىڭ مەززىلىك چۆپلىرىنىڭ يۇمران ئۇچلىرىنى قوۋۇزلىرىغا تولدۇرۇپ تۇرۇپ، ھۇزۇرلىنىپ چاينايتتى. يەرنى تېپىشلەپ تۇپا توزىتىپ، تۇپراقنىڭ خۇش پۇرىقىدىن زوق ئالاتتى. كېيىن ئۇلار پۈتۈن قورۇقنى كېزىپ، تېرىلغۇ يەرلەرگە، يەم - خەشەك ئېتىزلىرىغا، باغلارغا، كۆللەرگە، دەرەخزارلىققا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن قاراشتى. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ نەرسىلەرنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەكلا ئىدى، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغىنىغا ئىشىنەلمىگەندەك قىلاتتى.

ئۇلار سەپ بولۇپ تۇرالغۇلىرىغا قايتىشتى، خوجايىنىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئورۇنلىرىدا قېتىپ تۇرۇشقىنىدىچە زۇۋان سۈرۈشمىدى، ئۆي گەرچە ئۇلارنىڭ بولغان بولسىمۇ، ئىچىگە كىرىشتىن تەپ تارتتى. بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن، سىنوۋبول بىلەن ناپالېئون ئۆينىڭ ئىشىكىنى تۇرتۇپ ئاچتى - دە، ھايۋانلار بىر - بىرلەپ ئۆيگە كىرىشتى، ئۇلار خۇددى بىرەرسىنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك قەدەملىرىنى ئاۋايلاپ ئېلىشاتتى. ئۇلار پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۆيدىن - ئۆيگە كىرىشەتتى، پىچىرلاپ گەپ قىلىشاتتى، ئۆيدىكى ھەشەمەتلىك سەرەمجانلارغا ئەيمىنىپ قارىشاتتى. كارىۋاتتىكى ماموق يوتقان، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى گىرىم ئۈستىلى، ئات يالى يېپىلغان دىۋان، يەردىكى بېرۇسسېل گىلەملىرى، ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيەنىڭ تام ئو-

چاقنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان رەسمى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. پەلەمپەيدىن چۈشكەندە، ئۇلار موللىنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى بايقىدى. بەزىلەر ئۇنى ئۈستىگە چىقىپ ئىزدىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن ھۇجرىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. موللى جونىس خانىمنىڭ گىرىم ئۈستىلىدىن بىر كۆك لېنتىنى ئېلىپ، مۇرىسىگە توغرىلاپ ئەينەككە قارىغىنىچە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھاماقەتلەرچە سۆيۈنۈپ تۇرماقتا ئىدى. ھايۋانلار موللىنى قاتتىق ئەيىبلەپ يېنىپ چىقىشتى، ئۇلار ئاشخانىغا ئېسىپ قويۇلغان بىرقانچە تال سۈرلەنگەن چوشقا سېنىنى ئېلىپ چىقىپ، كۆمۈۋەتمەكچىكى بولۇشتى. بوكسىر قاچا يۇيۇش ئۆيىدىكى پىۋا كۇپىنى تېپىپ چېقىۋەتتى. ھايۋانلار ئۆيدىكى باشقا نەرسىلەرگە چېقىلماي، خوجايىنىنىڭ ئۆيىنى ئەستىلىك قىلىپ ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلىشتى. كۆپچىلىك ھەرقانداق ھايۋان زاتى بۇ ئۆيدە تۇرسا بولمايدۇ، دېگەن قارارغا بىردەك قوشۇلۇشتى.

ناشتىدىن كېيىن، سنوۋبول بىلەن ناپالېئون كۆپچىلىكنى يىغدى.

— يولداشلار، — دېدى سنوۋبول، — ھازىر سائەت ئالتە يېرىم بولدى. بىز پۈتۈن بىر كۈن ئىشلىشىمىز كېرەك. بۈگۈن ئوت ـ چۆپ ئورىمىز. بۇ يەردە دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر ئىشىمىز بار.

ئاتامان چوشقىلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇلار ئۈچ ئايدىن بېرى بىر كونا كىتابنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساۋاتىنى چىقىرىپتىمىش، بۇ كىتاب ئەسلىدە جونىس ئەپەندىنىڭ بالىلىرىنىڭ بولۇپ، بايىلا ئوتقا تاشلىۋېتىلگەنىكەن. ناپالېئون قول ئاستىدىكىلەرنى بىرنەچچە چېلەك ئاق ۋە قارا سىر ئەكىلىشكە بۇيرۇق قىلدى ـ دە، كۆپچىلىكنى باشلاپ، بەش تاقاقلىق دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن سنوۋبول (ئۇنىڭ خېتى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىرايلىق ئىدى) بىر چوتكىنى ئالدى پۇتلىرىنىڭ تىزى بىلەن قىسىپ تۇتۇپ دەرۋازىدىكى «قورۇق فىرمىسى» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈپ، «هايۋانلار قورۇقى» دېگەن خەتنى يازدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كونا دېهقانچىلىق مەيدانى يېڭى نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك تۇرالغۇغا قايتتى، سنوۋبول بىلەن ناپالېئون قول ئاستىدىكىلەرگە شوتا ئەكەلتۈردى ۋە شوتىنى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويدى. ئاتامان چوشقىلارنىڭ شەرھلىشىچە، ئۈچ ئايلىق جىددىي ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلار هايۋانىزم پىرىنسىپلىرىنى «يەتتە مىزان»غا ئىخچاملاپتۇمىش. بۇ مىزان تامغا يېزىپ قويۇلغاندىن كېيىن، ئۆزگەرمەس قانۇنغا ئايلىنىپ، هايۋانلار قورۇقىدىكى بارلىق هايۋانلار ئۇنى ئەبەدىي ئۆلچەم قىلىشى كېرەك ئىكەن. سنوۋبول شوتىغا ئاۋايلاپ چىقىپ ئىشنى باشلىدى (بىر چوشقىنىڭ شوتىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرۇشى ئاسان ئەمەس)، سكالېر سىر چېلەكنى كۆتۈرۈپ، بىرنەچچە بالداق تۆۋەندە تۇراتتى. مىزان ۋازىلىن يالىتىلغان تامغا ئاق سىر بىلەن يوغان قىلىپ يېزىلغاچقا، ئوتتۇز قەدەم نېرىدىنمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

## يەتتە مىزان

1. ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدىغانلارنىڭ هەممىسى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز.
2. چاهار پايلار، ئۇچار قاناتلارنىڭ هەممىسى بىزنىڭ دوستىمىز.
3. هايۋانلارنىڭ كىيىم كىيىشىگە يول قويۇلمايدۇ.
4. هايۋانلارنىڭ كارىۋاتتا ئۇخلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
5. هايۋانلارنىڭ هاراق ئىچىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

6. ھايۋانلارنىڭ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.
7. بارچە ھايۋان باراۋەر.

خەتلەر ئىنتايىن رەتلىك يېزىلغانىدى. پەقەت Friend (دوست) دېگەن سۆز Freind دەپ خاتا يېزىلىپ قالدى. يەنە بىر يەردىكى S ھەرپى تەتۈرسىگە Ƨ يېزىلىپ قالغان بولۇپ، باشقا يەرلەر توغرا يېزىلغانىدى. سنوۋبول مىزانلارنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىۋىدى، باشقا ھايۋانلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ، تامامەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەقىللىقراقلىرى يەتتە مىزاننى يادلىۋېلىشقا كىرىشتى.

— يولداشلار، — دېدى سنوۋبول قولىدىكى چوتكىنى تاشلاپ ۋارقىرىغىنىچە، — ئەمدى ئوت - چۆپ ئېتىزلىرىغا بارايلى. ئوت - چۆپلەرنى جونېسلاردىن چاققانراق يىغىشتۇرمىساق بولمايدۇ، بۇ بىزنىڭ شان - شەرىپىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.

ئۈچ ئىنەك خېلى بۇرۇنلا بىئارام كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى، ئۇلار مۆرەپ ئارام بەرمەيتتى. بىر كېچە - كۈندۈزدىن بېرى ئۇلارنىڭ سۈتى يىغىلىپ، يېلىنلىرى چىڭقىلىپ، يېرىلىپ كېتەي دېگەنىدى. ئاتامان چوشقىلار بۇ ئەھۋال توغرىسىدا ئويلىنىشىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە چېلەك ئەكەلگۈزدى ۋە سۈتنى ئەپلەپ سېغىۋالدى. ئويلىمىغان يەردىن چوشقىلارنىڭ سۈت سېغىشقا ئېپى بار چىقىپ قالدى. ھەش - پەش دېگۈچە كۆپۈكلىنىپ تۇرغان بەش چېلەك قايماقلىق سۈت تەييار بولدى، باشقا ھايۋانلار سۈتكە ئىشتىياق بىلەن قاراشتى.

— بۇ سۈتلەرنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى بىرى.

— جونېس ئەپەندى ئوزۇق - تولۇقلىرىمىزغا ئاز -

تولا سۈت ئارىلاشتۇرۇپ بېرەتتى، — دېدى بىر مېكىيان.

— يولداشلار، ھازىرچە سۈتنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرايلى! — دېدى ناپالېئون ۋارقىراپ، ئۇ سۈت چېلەكنىڭ ئالدىغا كەلدى، — بۇ ئىش چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، شۇ تاپتا ئورما تېخىمۇ مۇھىم. يولداش سىنوۋبولنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاتلىنىڭلار. مەن كەينىڭلاردىنلا يېتىپ باردمەن. قېنى، يولداشلار، ئالغا! ئوت - چۆپلەر سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ. ھايۋانلار سەپ بولۇپ تىزىلىپ، ئېتىزغا بېرىپ ئورمىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىپ، سۈتنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

ئۈلار ئوت ـ چۆپلەرنى يىغىش ئۈچۈن تالاي جاپالارنى تارتىپ، نۇرغۇن تەر ئاققۇزدى. ئۈلار ئەجرىگە يارىشا كۈتكەنىدىنمۇ كۆپ ھوسۇلغا ئېرىشتى.

ئەمگەك بەزى چاغلاردا ناھايىتى مۇشكۇل بولدى، چۈنكى، ئەمگەك قورالىلىرىنىڭ ھەممىسى ھايۋانلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، بۇ قورالار چاھارپايلارغا ماس كەلمەيتتى، بۇ ناھايىتى چوڭ كاشىلىنى پەيدا قىلدى. ئەقىللىق چوشقىلار قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقىشقا ھەرزامان قادىر ئىدى. ئات ھەربىر سۈك يەرنى شۇنداق ياخشى تونۇيتتىكى، ئۇ ئورما ئورۇيدىغان، يەر ئاغدۇرىدىغان ئىشلارنى جونىس ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ مالايلىرىدىن ئوبدانىراق قىلاتتى. چوشقا باشقىلارغا قوماندانلىق قىلىش ۋە نازارەت قىلىشتىن باشقا ئىشلارنى قىلمايتتى. ئۇلار ئالاھىدە بىلىملىرى بىلەن تەبىئىي ھالدا رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە بولۇشقاندى. بوكسىر بىلەن كلوۋېر ئوت ئورۇش ماشىنىسى ۋە سۆرەملەرنى سۆرەش بىلەن بەنت ئىدى (ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى ئۇلار يۈگەن ـ چۇلۇۋوردىن قۇتۇلغانىدى)، ئۇلار بىجىرىم قەدەملىرى بىلەن سول ئېلىپ باراتتى. بىر چوشقا ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىپ «چۇھا! يولداش غەيرەت قىل» ياكى «ھوۋ، كەينىگە، يولداش!» دەپ كوماندا بېرەتتى. ھەرقانداق ھايۋان چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورۇش ۋە يىغىش ئىشلىرىغا قاتنىشاتتى، توخۇ، ئۆردەكلەر ـ

مۇ قىزىق ئاپتاپتا پىشىپ يۇرۇپ ئوت - چۆپلەرنى تېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئورما جونىس ئەپەندىلەرنىڭ سۇرئىتىدىن ئىككى كۈن بالدۇر ئاياغلاشقان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قورۇق تارىخىدىكى ئەڭ مول ھوسۇللۇق بىر يىل بولدى. بۇ قېتىم قىلچە ئىسراپچىلىق بولمىدى دېيىشكە بولاتتى، توخۇ - ئۆردەكلەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىر تال خەسنىمۇ نېرى - بېرى قىلمىدى. ھېچكىم بىرەر كاپام نەرسىگە كۆز سالمىدى.

قورۇق ئىشلىرى ياز بويى شۇنداق ئىدىتلىق بولدى. بەختكە چۆمگەن ھايۋانلار كۆڭلىرىنىڭ بۇ قەدەر خۇشال ئۆتىدىغانلىقىنى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. ھەربىر كاپام ئاشلىق بېخىل خوجايىنىنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكىدىن كەلگەن بولغاچقا، ناھايىتى لەززەتلىك ئىدى. پارازىتلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، ھەربىر ھايۋانغا تەگكەن يېمەكمۇ كۆپ بولدى، ھايۋانلار دېگەندەك ماسلىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارام ئالىدىغان چاغلىرىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار نۇرغۇن مۇشەققەتلەرگە يولۇقتى، مەسىلەن، يىل ئاخىرىدىكى دان ئايرىشتا، فېرمىدا بىرەرمۇ دان ئايرىغۇچ بولمىغاچقا، باشاقنى دەسسەپ پۈۋلەپ دان ئايرىشقا توغرا كەلدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئاتامان چوشقىلار پاراستىگە، بوكسېر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۈچىگە تايىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى. بوكسېر ئۆزىنىڭ ئەمگەكچانلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. جونىس ئەپەندى بار چاغدا ئۇ جاپادىن قورقماي ئىشلىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇ ئۈچ ئاتنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بەزىدە قورۇقتىكى ھەممە ئىش دېگۈدەك بوكسېرنىڭ يەلكىسىگە يۈكلىنىپ قالغاندەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ سەھەردىن - شامغىچە ئىتتىرەتتى، سۆرەيتتى، قەيەردە

جاپالىق ئىش بولسا، شۇ يەردە ئۆنەتتى. ئۇ بىر خوراز بىلەن كېلىشىپ، ئۆزىنى باشقىلاردىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئويغى- تىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ كۈندىلىك ئەمگەك باشلىنىشتىن بۇرۇن خالىس ئەمگەك قىلاتتى، كۈچ كېتىدىغانلىكى ھەر- قانداق ئەمگەككە ئۆزىنى ئاتايتتى. قانداق قىيىنچىلىق ياكى ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ «مەن تېخىمۇ قاتتىق ئىشلىشىم كېرەك!» دەيتتى. بۇ سۆز ئۇنىڭ ئەقلىيە سۆزىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ھايۋانلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلە- دى. مەسىلەن، توخۇ بىلەن ئۆردەكنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ھو- سۇل يەسلىدە تېرىۋالغان دانلىرىمۇ 180 قاداقتىن كۆپرەك ئاشلىقنى تېجەپ بەردى. ئوغرى ـ يالغانلار كۆرۈلمىدى، تا- ماقنىڭ ئېگىز ـ پەس تارقىتىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىلگىرىكىدەك دەتالاش، چىشلەش ۋە قىزغىنىشلار يوق بېرىپ باقمىدى. ئىشقا كەلمەيدىغانلار يوق ھېسابتا دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەتىگىنى ۋاقچە قوپىدىغان موللى پۇتۇمغا تاش پېتىپ كەتتى، دەپ ئىشتىن بالدۇر چۇشۇۋالاتتى. مۇشۇكنىڭ ئىستىلىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. كۆپچىلىك ئۇزۇن ئۆتمەي شۇنى بايقىدىكى، ئىش ۋاقتىدا مۇشۇكنى سائەتلەپ كۆرگىلى بولمايتتى. ئىش تۈگەپ، تاماق ۋاقتى بولغاندا، ئۇ گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمە- گەندەكلا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ھەر قېتىمقى باھانىسى شۇنداق قاملاشاتتىكى، مىياڭلاپ دېگىلى تۇرسا، باشقىلارنىڭ ئىشەنمەسكە ئىلاجى قالمايتتى. قېرى ئېشەك بېنيامىن ئىس- ياندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئى- شىنى جونېس بار ۋاقىتتىكىدەكلا ئاستا قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئىشىنى تۈگەتكەندىن باشقا ئاكتىپلىق قىلىپ كەتمەيتتى. ئىسيان ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى توغرىلىق ئۇ ھېچ- نېمە دېمەيتتى. جونېسلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، سەن



www.uyghurkitap.com

خۇشال بولدۇڭمۇ دەپ سورالغاندا، ئېشەك بېنيامىن: «ئېشەك-
نىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئاراڭلاردىن كىم ئېشەكنىڭ ئۆلگىنىنى
كۆرگەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇ ياپتا جاۋابنى ئاڭلىغان باش-
قا ھايۋانلار يەنە نېمە دېيەلىسۇن؟

يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىناتتى، بۇگۈنكى ناشتا ئادەتتى-
كى كۈنلەردىن بىر سائەت كېيىن بېرىلدى. ناشتىدىن كې-
يىن، ھەر ھەپتىسى مۇقەررەر ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم بار
ئىدى. باشتا بايراق چىقىرىلدى. سنوۋبول جابدۇق ئۆيىدىن
جونېس خانىمنىڭ كونا يېشىل داستىخىنىنى تېپىپ ئەكى-
لىپ، ئۇنىڭغا ئاق سىردا پاچاق بىلەن مۈڭگۈزنىڭ سۈرىتى-
نى چۈشۈرگەنىدى. ھەر يەكشەنبە چۈشتىن ئاۋۋال قورۇقتى-
كى خادىدا ئاشۇ لاتا لەپىلدەيدىغان بولدى. سنوۋبولنىڭ
چۈشەندۈرۈشىچە، بايراقنىڭ يېشىل رەڭگى ئەنگلىيەنىڭ ئې-
تىزلىرىغا، ئۇنىڭغا ئاق رەڭدە چۈشۈرۈلگەن پاچاق بىلەن
مۈڭگۈزنىڭ رەسمى كەلگۈسىدىكى ھايۋانلار جۇمھۇرىيىتىگە
سىمۋول قىلىنغانىكەن، بۇ جۇمھۇرىيەت ئىنسانلار تولۇق
ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن رەسمىي روياپقا چىقىدىكەن. بايراق
چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ھايۋانلار ئاشلىق ئامبىرىغا يى-
غىلىپ، كېڭەش ئېچىلىپ، ھەپتىلىك ئىشلار ئورۇنلاشتۇ-
رۇلدى، تەكلىپ - لايىھەلەر سۇنۇلدى، مۇزاكىرىلەر بولدى.
ئادەتتە، لايىھە سۇنىدىغانلار چوشقىلاردىن ئىبارەت بولاتتى،
باشقا ھايۋانلار بولسا بېلەت تاشلاشنىلا بىلىپ، لايىھە سۇ-
نۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى. مۇزاكىرىدە ئاكتىپ
بولىدىغانلىرى سنوۋبول بىلەن ناپالېئون ئىدى. ئەمما بۇ
ئىككىسىنىڭ پىكرى زادى بىر يەردىن چىقمايتتى، ئىككى-
سىدىن قايسىبىرى مەلۇم بىر تەكلىپنى سۇنسا، يەنە بىرى
چوقۇم قارشى تۇراتتى. باغنىڭ كەينىدىكى كىچىك ئوتلاقنى
ئەمگەك يېشىدىن قالغان ھايۋانلارنىڭ ساناتورىيەسى قىلىش

توغرىسىدا بىر قارار چىقىرىلدى، بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى تۇرمىدى. لېكىن، ھەرقايسى ھايۋانلار تەبىقىسىنىڭ پىنسىيە يېشىنى بېكىتىش مەسىلىسىدە، بەس ـ مۇنازىرە قايناپ كەتتى. باش قوشۇش يىغىنىدىن كېيىن، ئادەت بويىچە «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خور ئېيتىلاتتى، چۈشتىن



كېيىن بولسا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولاتتى.

چوشقىلار جابدۇق ئۆيىنى بوشىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قو-
ماندانلىق ئىشتابى قىلدى. ئۇلار ھەر ئاخشىمى خوجايىنىنىڭ
ئۆيىدىن ئېلىپ چىققان كىتابلاردىن تۆمۈرچىلىك، ياغاچچى-
لىق ۋە باشقا زۆرۈر ھۈنەرلەرنى ئۆگىنەتتى. سىنوۋبول باشقا
ھايۋانلارنى ئۆزى ھايۋانلار كومىتېتى دەپ ئاتىۋالغان تەش-
كىلاتلارغا قاتناشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتا
ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيتتى. ئۇ مېكىيانلار ئۈچۈن تۇخۇم
تۇغۇش كومىتېتىنى، ئىنەكلەر ئۈچۈن قۇيرۇق تازىلاش بىر-
لەشمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. يەنە تېخى ياۋايى يولداشلارنى قاي-
تا تەربىيەلەش كومىتېتى (مەقسىتى تولۇم چاشقان ۋە ياۋا
توشقانلارنى كۆندۈرۈش)، قوي يۇڭىنى ئاقارتىش ھەركىتى
دېگەندەك نۇرغۇن ئورگانلارنى تەسىس قىلدى. ساۋات چىقى-
رىش سىنىپلىرى دېگەندەكلەر بۇلارنىڭ سىرتىدا ئىدى.
بىراق، بۇ پىلانلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى دېيىشكە
بولاتتى. مەسىلەن، ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش-
لىرى شۇ زامان مەغلۇپ بولدى. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قىلىقلى-
رى يەنىلا بۇرۇنقىدەك بولۇپ، ئازراق ياخشى مۇئامىلىگە
ئۇچرىسىلا پۇرسەتپەرەسلىك قىلاتتى. مۈشۈك قايتا تەربىيە
كومىتېتىغا بىرنەچچە كۈن قاتنىشىپلا پوزىتسىيەسى ناھاي-
تى ئاكتىپ بولۇپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆگزىدە تۇرۇپ
ئاق قۇشقاچلارغا گەپ قىلغىنىنى باشقىلار كۆرۈپ قاپتۇ
(قۇشقاچلار مۈشۈكنىڭ بويى يەتمەيدىغان بىر يەردە ئىدى).
مۈشۈك ھازىر بارلىق ھايۋانلار ئۆزئارا يولداشقا ئايلاندى، سى-
لەر مېنىڭ پۇتۇمنىڭ يېنىغا قونساڭلارمۇ ھېچبىر خەۋپى يوق
دەپتىكەن، قۇشقاچلار يەنىلا يېقىن كەلمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لېكىن، ئوقۇش ۋە يېزىش كۆرسىلىرى چوڭ ئۆتۈقلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، كۆزگىچە ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاز - تولا ساۋاتلىق بولۇپ قالدى.

چوشقىلار بولسا مۇكەممەل ساۋاتلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئىتلار ئوبدانلا خەت تونۇپ قالغان بولسىمۇ، «يەتتە مىزان» دىن باشقا نەرسىلەرنى ئوقۇشقا تاۋى يوق ئىدى. ساغلىق ئۆچكە مورېل بەزى نەرسىلەرنى ئىتتىن ياخشىراق ئوقۇيت-
تى، ئۇ كەچلىرى ئەخلەتخانىدىن تېپىپ كەلگەن گېزىتلەرنى باشقىلارغا ئوقۇپ بېرەتتى. ئېشەك بېنيامىننىڭ ئوقۇش ئىقتىدارى چوشقىلاردىن قېلىشمايتتى، ئەمما ئۇ بۇ ئىق-
تىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرەي دېمەيتتى. بىلىشىمچە، ئوقۇ-
غۇدەك تۈزۈك نەرسە يوق، دەيتتى ئۇ. كلوۋېر ھەممە ھەرپ-
لەرنى تونىسىمۇ قۇراشتۇرالمايتتى. بوكسېر D ھەرپىگىچە ياخشى ئىگىلەپ، داۋامىنى زادىلا ئۆگىنەلمىدى. ئۇ قاۋۇل پۇتلىرى بىلەن D، C، B، A قاتارلىق ھەرپلەرنى يەرگە جىجاپ بولۇپ، ھەرپلەرگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالاتتى، ئۇ ئىك-
كى قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ، ماڭلىيىدىكى قاشقىسىنى سىل-
كىپ، كېيىنكى ھەرپلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى - يۇ، ھېچنېمە ئېسىگە كەلمەي تۇرۇۋالاتتى. دەرۋەقە، ئۇ E، F، G، H ھەرپلىرىنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇ-
نۇپ، يادىغا ئېلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما، D، C، B، A ھەرپلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپ يامان بولدى. ئاخىرى ئۇ باش-
تىكى تۆت ھەرپنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، پات - پات مەشىق قىلىپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. موللى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىشتا لازىم بولىدىغان ھەرپلەرنى ئۆگىنىۋېلىپلا باشقا ھەرپلەرنى ئۆگىنىشنى خالىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەرپلەرنى ئىنچىكە دەرەخ شېخىدىن ياساپ ۋە تىزىپ چىقىپ، چۆرىسىنى گۈللەر بىلەن زىننەتلەپ، ئاي-

لىنىپ تاماشا قىلغانسېرى ھەۋەسلىنىپ كېتەتتى.
قورۇقتىكى باشقا ھايۋانلار A نىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. يەنە قوي، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىق كالۋاراق ھايۋانلارنىڭ «يەتتە مىزان»نى تولۇق يادقا ئالالمىغانلىقى مەلۇم بولدى. سىنوۋبول بۇ ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ، «يەتتە مىزان» نى يىغىنچاقلاپ «تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دېگەندەك ئاددىي ھۆكۈم شەكلىگە كەلتۈردى. ئۇ بۇ بىر ئېغىز گەپ ھايۋانىزمنىڭ جەۋھىرى، كىم بۇنى ئوبدان بىلىۋالسا، ئىنسانلارنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالايدۇ، دېدى. بۇ گەپكە قۇشلار ئاممىسى قارشى تۇردى، چۈنكى، ئۇلارمۇ ئىككى پۇتلۇق ئىدى، سىنوۋبول ئۇلارنى قايىل قىلدى.
— يولداشلار، — دېدى ئۇ، — قۇشلارنىڭ ئىككى قانىتى تىزگىنلەش رولىنى ئەمەس، ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينايدىغان ئەزا. شۇڭا، ئۇنى پۇت قاتارىدا كۆرۈش كېرەك. ئىنسانلارنىڭ قولى ئۇلارنى بىزدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار ھەممە ئەسكى ئىشنى ئاشۇ ئىككى قولى بىلەن قىلىدۇ.
قۇشلار سىنوۋبولنىڭ پايتىمىدەك ئۇزۇن گەپلىرىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، بەربىر قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار بۇ يېڭى ئەقلىيەنى كۆچىنىڭ بارىچە يادلاشقا تىرىشتى. «تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دېگەن خەت ئاشلىق ئامبىرىنىڭ سىرتقى يۈزىگە «يەتتە مىزان» نىڭ خېتىدىن چوڭ قىلىپ، ئېگىز يەرگە يېزىلدى. قويلار بۇ ئەقلىيەنى يادلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا شۇنداق ئىشتىياق كىردىكى، ئوتلاقتا يېتىشىپ: «تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى! تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دەپ سائەتلەپ —



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سائەتلەپ مەرەشسمۇ زېرىكمەيدىغان بولۇشتى.

ناپالېئون سىنوۋبول قورۇپ چىققان كومىتېتلارغا قىد-
زىقىپ كەتمەيتتى. ئۇ هايۋانلارنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربى-
يەلەش يېشى چوڭ هايۋانلارنى تەربىيەلەشتىن بەكرەك مۇ-
هىم دەپ بىلەتتى. بۇنىڭغا يارىشا جېسسى بىلەن بىلۇبىل
ئورما توگەپ ئۇزاق ئۆتمەيلا توققۇزنى كۈچۈكلىدى. كۈچۈك-
لەر ئەمچەكتىن ئايرىلغان هامان، ناپالېئون مەن ئۇلارنىڭ
تەربىيەسىگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئۇلارنى ئانىسى-
دىن ئايرىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ كۈچۈكلەرنى جابدۇقخانىدىكى
شوتىدىنلا چىققىلى بولىدىغان بالىخانىغا ئېلىپ چىقتى ۋە
بۇ ئىشنى قاتتىق مەخپىي تۇتتى، نەتىجىدە، قورۇقتىكى
هايۋانلارنىڭ بارى مۇنداق كۈچۈكلەرنىڭ بارلىقىنى تامامەن
ئۇنتۇپ كېتىشتى.

سۈتنىڭ يوقاپ كېتىشىدىكى سىر تېزلا ئاشكارىلاندى.
سۈتلەر چوشقىلارنىڭ يېمىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. ياز-
لىق ئالمىلار پىشىپ، توكۇلۇشكە باشلىدى. هايۋانلار بۇ ئال-
مىلاردا بىزنىڭ هەققىمىز بار، دەپ ئويلىشاتتى، ئەمما ئوي-
لىمىغان يەردىن بىرلا بۇيرۇق چۈشۈپ، ئالمىلار جابدۇقخا-
نىدىكى چوشقىلارغا ئايرىپ بېرىلدى. بەزى هايۋانلار غۇ-
دۇراپ بېقىشتى ـ يۇ، بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. بۇ ئىشقا
كەلگەندە بارلىق چوشقىلارنىڭ غەرىزى ئوخشاش چىقتى،
هەتتا سىنوۋبول بىلەن ناپالېئونلارمۇ شۇنداق بولدى. سىكا-
لېر باشقا هايۋانلارغا خىزمەت ئىشلىگىلى ئەۋەتىلدى.
— يولداشلار! — دېدى سىكالېر چىرقىراق ئاۋازدا، —
ئەجەبا، سىلەر بىز چوشقىلارنى شەخسىيەتچى ۋە تۆرىچى دەپ
ئويلامسىلەر؟ ئۈمىدىم شۇكى، هەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭلار.

ئارىمىزدىكى نۇرغۇن يولداشلار سۈت، ئالما دېگەندەك نەرسى-
لەرنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنى مەنمۇ ياقتۇ-
رۇپ كەتمەيمەن. بىز ساغلام بولساق دەپ ئاشۇ نەرسىلەرنى
يەيمىز. سۈت بىلەن ئالما (يولداشلار، بۇ گەپلەر پەن تەرىپى-
دىن ئىسپاتلانغان)دا چوشقىلارنىڭ بەدىنىگە پايدىلىق نەرسى-
لەر بار. بىز چوشقىلار ئەقلىي ئەمگەكچىلەرمىز. بۇ قورۇق-
نىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى بىزگە تايىنىدۇ، كېچە - كۈندۈز
سىلەرنىڭ بەختىڭلارنىڭ غېمىنى يەيمىز، بىزنىڭ ئاشۇ
سۈتلەرنى ئىچىشىمىز، ئاشۇ ئالمىلارنى يېيىشىمىز دەل سى-
لەر ئۈچۈن. ئەگەر بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلا-
مىساق، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟
بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇ هالدا جونىس قايتىپ كېلىدۇ!
يولداشلار، ئويلاپ بېقىشىڭلار كېرەككى ...، — سكالىر ئۆ-
تۈنۈش تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى، ئۇ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ
ئۇياق - بۇياقلارغا ماڭاتتى، — ئاراڭلاردا هېچكىم جونىس-
نىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالىمايدىغۇ دەيمەن؟
ئەگەر هايۋانلارنى بىر ئىش توغرىسىدا تالاش - تارتىش-
سىز بىرلىككە كېلەلەيدۇ دېسەك، ئۇ دەل جونىسنىڭ قايتىپ
كېلىشىنى خالىماسلىق. ئەگەر مەسىلە هايۋانلارنىڭ ئالدىغا
ئاشۇنداق نۇقتىدىن تاشلانسا، هېچكىمدىن پىكىر چىقمايدى-
غانلىقى ئېنىق. چوشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسرىشىنىڭ مۇ-
هىملىقى هەممىگە ئايدىڭ بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك-
نىڭ غۇلغۇلىسى بېسىلىپ، سۈت بىلەن ئالما (ئالما پىشقان-
دىن كېيىنكى هوسۇلنىڭ كۆپ قىسمى) چوشقىلارغا تېگىل
بولدى.

# تۆتىنچى باب

يازنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى يېتىپ كەلگەندە، ھايۋانلار قورۇقىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ۋىلايەتنىڭ يېرىمىدىن جىقراق يەرلىرىگە تارالدى. سىنوۋبول بىلەن ناپالېئون ھەر كۈنى نەچچە تۈركۈم كەپتەرنى قويۇپ بېرەتتى، بۇ كەپتەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن يېقىن ئەتراپتىكى قورۇقلارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھايۋانلارغا ئىسيان توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى تەشۋىق قىلاتتى، شۇنداقلا «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن ناخشىنى ئۆگىتەتتى.

بۇ كۈنلەردە جونېس ئەپەندىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى ۋىللىڭتوندىكى قىزىل شىر قاۋىقىدا ئۆتمەكتە ئىدى، ئۇ ئاڭلاشنى خالىغانلىكى ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ئادالەتسىزلىككە يولۇققانلىقىنى، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۆزىنى قورۇقىدىن سۈر - توقاي قىلغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ بېرەتتى. باشقا خوجايىنلار ئۇنىڭغا پرىنسىپ جەھەتتىن ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي ياردەم بەرمىدى. ھەركىم ئۆز كۆڭلىدە جونېس ئەپەندىنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئۆزلىرىگە بىرەر نەپىنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. كەلگەن يېرى شۇكى ھايۋانلار قورۇقىغا قوشنا جاڭگال دەپ ئاتىلىدىغان قورۇق بىر كونىچە قورۇق بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى تاشلىنىپ قالغاچقا، ياۋا ئوت قاپلاپ، يەرلىرى ئۇنۇمسىزلىشىپ، دەرەخلىرى پۇتاقلىشىپ كەتكەنىدى. قورۇق ئىگىسى پىلكىڭتون ئەپەندى راھەتپەرس بولۇپ، پەسىلگە قاراپ بېلىق تۇتۇش ياكى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن

ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. يەنە بىر قورۇقنىڭ ئىسمى توقماقلىق بولۇپ، كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، ھاللىق ئىدى. قورۇقنىڭ ئىگىسى فرېدېرىك ئەپەندى ياۋۇز ۋە ھىيلىگەر ئادەم بولۇپ، كۆپ قېتىم دەۋالىشىپ، قارشى تەرەپتىن جىق نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش ۋە بىشەملىكتە نامى چىققانىدى. بۇ ئىككى قورۇقدار بىر - بىرىگە شۇقەدەر ئۆچ ئىدىكى، ئىككىيلەننىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بار ئىشتىمۇ كېلىشىپ قېلىشى تەس ئىدى.

ھايۋانلار قورۇقىدىن تارقالغان ئىسيان خەۋىرى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئەندىشىگە سالدى، ئۇلار ئۆز قورۇقىدىكى ھايۋانلارنىڭ بۇ ھەقتە جىق نەرسىلەرنى بىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالمان - تالمان كىرىشتى. باشتا ئۇلار ھايۋانلارنىڭ قورۇقنى ئۆزلىرى باشقۇرماقچى بولغانلىقىنى كۈلكىلىك ھېس قىلىپ، ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەندەك بولدى. ئۇلار بۇ دولقۇنمۇ ئىككى ھەپتىگە بارماي ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېيىشتى. ئۇلار قورۇق (ئۇلار «ھايۋانلار قورۇقى» دېگەن يېڭى نامنى ئۇلىسىمۇ ئىشلەتمەيتتى)نىڭ ھايۋانلىرى بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ يۈرۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، دەپ ئويلىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار چۆچۈرىنى خام سانىغان بولۇپ، ئۇ قورۇقنىڭ ھايۋانلىرى ئۆلمىگەنىدى، فرېدېرىك بىلەن پىلكىڭتون گېپىنىڭ پەدىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھايۋانلار قورۇقىدىكى قورقۇنچلۇق ئايىنىش توغرىسىدا سۆز ئاچىدىغان بولۇشتى. ئۇلار ھايۋانلار قورۇقىدىكى ھايۋانلار بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يەرمىش، يېلىنجاپ تۇرغان تاقىلار بىلەن بىر - بىرىنى قىينارمىش، خوتۇنلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولارمىش دېگەنلەرنى ئاڭلىدى. مانا بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا مۇخالىپ كۆتۈرۈلگەن ئىسياننىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى دېيىشتى ئۇلار.

بۇ غەلىتە ھېكايىلەرگە كىشىلەر تولۇق ئىشىنىپ كەت-
مىگەنىدى. قورۇقنىڭ خوجايىنىنى ھەيدىۋېتىپ، ھايۋانلار
ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بۇ غەلىتە ئىش توغرىسىدىكى
سۆز - چۆچەكلەر تارقالغانسېرى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن يات-
لىشىپ باراتتى. شۇ بىر يىلى سەھرالارنى ئىسيان دولقۇنى
بىر ئالدى. بۇرۇندىن تارتىپ گەپ ئاڭلاپ كەلگەن تورپاقلار
قۇترايدىغان بولۇپ قېلىشتى، قويلار قاشالارنى ئۆرۈپ، بېدى-
لەرنى قالايمىقان يەپ، چېچىۋېتىدىغان بولدى. سىيىرلار
سۈت چېلەكنى ئۆرۈۋېتىدىغان، بەيگە ئاتلىرى توساقلاردىن
ئۆتكىلى ئۇنىماي، چاپچىپ ئىگىلىرىنى تاشلىۋېتىدىغان بو-
لۇپ كەتتى. «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خورنىڭ ئاھاڭى
بىلەن تېكىستىنىڭ ھەممىلا يەردە ئېقىپ يۈرۈشى ۋە تارقى-
لىش تېزلىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇنى
ئاڭلىغانلار قارىماققا پىسەنتىگە ئالمىغاندەك قىلىسىمۇ، ئى-



چىدە غەزەپلەنمەي تۇرالمايتتى. ئادەملەر ھايۋانلارنىڭ
قانداقسىگە بۇنداق ئەخلەت ناخشىنى ئېيتىپ يۈرىدىغانلىقى-
نى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى. بۇ ناخشىنى ئوقۇپ بايقى-
لىپ قالغان ھايۋانلار دەرھال قامچا يەيدىغان بولدى - يۇ،
ناخشا ئۆز يولىدا تارقىلىۋەردى. قارىغۇچا دەرەخزارلىقتا
ئىسقىرتىپ، ئاشۇ خورنى ئېيتاتتى، قارا ياغاچلىقتىكى كەپ-
تەرلەر ئاشۇ ئاھاڭدا بۇقۇلدايتتى، ئۇ ئاھاڭ تۆمۈرچى دۇكى-
نىدىكى سادالارغا، چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىغا قەدەر ئۆزلىشىپ
كەتكەنىدى. ئادەملەر بۇ ئاھاڭنى ئاڭلىغاندا، گويا ئۆزلىرى-
نىڭ مۇقەررەر مەغلۇبىيىتىدىن شەپە ئاڭلىغاندەك بولۇپ،
تىترەپ كېتىشەتتى.

ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا، زىرائەتلەر يىغىلىپ، خا-
مانلاردا چەشلەر تەييار بولغاندا، كەپتەرلەر توساتتىن ئالاق-
زەدىلىك بىلەن ھايۋانلار قورۇقىنىڭ ئىچىگە قوندى. ئەسلى-
دە جونېس مالايلىرى ۋە تۇلكە جاڭگال، توقماقلىق دېگەن
قورۇقتىن كەلگەن ئالتە ئادەمنى باشلاپ بەش تاقاقلىق
دەرۋازىدىن قورۇق ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قورۇققا تۇ-
تاشقان ھارۋا يولىنى بويلاپ كېلىۋاتقانىدى، جونېسنىڭ قو-
لىدا ئوق مىلتىقى، باشقىلارنىڭ قولىدا كالتەك بار ئىدى.
ئۇلارنىڭ قورۇقنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىدە گەپ
يوق ئىدى.

بۇنداق ئېھتىماللىق ئاللىبۇرۇن ئويلاپ قويۇلغاچقا،
تەييارلىقلار پۇختا ئىدى. سنوۋبول خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن
تېپىۋالغان ئىمپېراتور قەيسەرنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى
كىتابىنى ئوقۇغان بولغاچقا، نۆۋەتتىكى ئۇرۇشقا شۇ قو-
ماندانلىق قىلدى. ئۇ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھايۋانلارنى
ئۆز جايىنى تېپىپ تەييار بولۇشقا چاقىردى.

ئادەملەر قورۇقنىڭ تۇرالغۇ رايونىغا يېقىنلاپ كەلگەندە،

سىنوۋبول بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى باشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئوتتۇز بەش ئەتراپىدىكى كەپتەر ئۇۋۇلىرىدىن ئۇچقۇپ چىقىپ، ئادەملەرنىڭ باش ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە چىچتى. ئادەملەر پاتىپاراق بولۇشۇۋاتقاندا، دەرەخلەرنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان غازلار توپى يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ئادەملەرنىڭ پاقالچاقلىرىنى شىددەت بىلەن چوقۇلاشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر قېتىملىق كىچىك توقۇنۇش بولۇپ، مالىمان پەيدا قىلىش ئۈچۈن پىلانلانغانىدى، ئادەملەر قولىدىكى كالتەكلىرىنى شىلتىپ، غازلارنى قوغلىۋەتتى. سىنوۋبول ئىككىنچى نۆۋەتلىك ھۇجۇمغا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۆچكە مورېل، ئېشەك بېنيامىن ۋە بارلىق قويلار سىنوۋبولنىڭ قوماندانلىقىدا ئېتىلىپ چىقىشىپ، مۈڭگۈزلىرىنى ئادەملەرگە ھەر تەرەپتىن سانجىدى، بېنيامىن پۇتلىرى بىلەن تەپتى. ئۇلار يەنىلا دۈشمەن تەرەپنىڭ تاياق ـ توقماقلىرىغا ۋە ناھاللىق ئۆتۈكلىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. سىنوۋبول چېكىنىش سىگنالى بېرىۋىدى، ھايۋانلار قورۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

ھۇجۇمچىلار غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشتى. ئۇلار دۈشمەن تەرەپنى بىتچىت بولدى دەپ ئويلاپ، قوشۇنلىرىنى تەڭشىمەيلا ھۇجۇمغا ئاتلاندى ـ دە، سىنوۋبولنىڭ قىلتىقىغا چۈشتى. ئۈچ ئات، ئۈچ ئىنەك ۋە باشقا بارلىق چوشقىلار قوتاندا پىستىرمىدا ئىدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇتلا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولۇپ، چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. سىنوۋبول ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى بەردى. ئۇنىڭ ئۆزى جونېسقا قاراپ ئېتىلدى، جونېس ئۇنىڭ ئېتىلىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ مىلتىقىدىن ئوق ئۈزدى، قوغۇشۇن ئوقلار سىنوۋبولنىڭ دۈمبىسىنىڭ بىرنەچچە يېرىدىن سىيپاپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى بىر قويغا تەگدى. ئۇ قوي شۇ

www.uyghurkitap.com

جايدىلا جان ئۈزدى. سىنوۋبول ئىككىلىنىپ تۇرماستىن ئىككى يۈز قاداقلىق گەۋدىسى بىلەن جونىپسنىڭ يوتىسىغا ئۇسسۇۋىدى، جونىپس قىغ دۆۋىسىگە يىقىلىپ، قولىدىكى مىل-تىق قاڭقىپ چىقىپ كەتتى. بوكسىرنىڭ ئەپتى ھەممىدىن ۋەھىمىلىك ئىدى، ئۇ كەينى پۇتلىرى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ، تاقا قېقىلغان ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. ئۇ-نىڭ بىرىنچى تېپىكى تۆلكە جاڭگال قورۇقى مىراخورنىڭ كاللىسىغا تەگكەندى، ئۇ پاتقاققا يىقىلغىنىچە جىم بولدى.



قالغان باسمىچىلار ئەھۋالنىڭ قاملاشمىغىنىنى كۆرۈپ، تا-ياق - توقماقلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا تۇتۇندى، ئۇلار قورقۇپ ئۆلەيلا دېگەندى. ھايۋانلار قاچقۇنلارنى قوغلاپ، قورۇق ئىچىنى نەچچە ئايلاندى. ئادەملەر ئۇسۇش، تېپىش، دەسسەش، چىشلەش دېگەنلەرنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىدى، قورۇقتىكى ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، قىساس خۇمارىنى قاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەتتا مۇشۇكمۇ ئۆگزىدىن سەكرەپ بىر كالا باقچۇچىنىڭ مۇرىسىگە چۈشتى - دە، ئۇ-نىڭ بويۇنلىرىنى تاتىلاپ چىرقىرىتىۋەتتى. شۇ ئەسنادا قو-رۇقنىڭ دەرۋازىسىغا قارايدىغان ھايۋانلار كۆرۈنمەيتتى، ھۇ-جۇم قىلىپ كەلگەنلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قورۇقتىن قېچىپ چىقىپ چوڭ يولغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى باستۇرۇپ كىرىش بەش مىنۇتقىمۇ پاي-لىمىدى، باسمىچىلار نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە شەرمەن-دىلەرچە تىكىۋەتتى، غازلار ئۇلارنى شۇنداقلا قويۇۋېتىشكە رازى بولمىغاندەك، تاپ باستۇرۇپ كېلىپ، پاچاقلىرىنى چو-قۇلاشتى.

مىراخوردىن باشقا ھەممىسى كەتتى. بوكسېر پاتقاقتا دۈم ياتقان ئۇ ئادەمنى تۇياقلىرى بىلەن ئۆرۈپ بېقىۋىدى، مىدىر - سىدىر قىلمىدى.

— ئۇ ئۆلۈپتۇ، — دېدى بوكسېر ئۆكۈنگەندەك، — ئۇ-نى ئۆلۈپ كېتەر دېمىگەندىم. ئۆزۈمنىڭ تۆمۈر ئاياغ كى-يىۋالغىنىمنى ئۇنتۇپتىمەن. قەستەن قىلمىغانلىقىمغا كىم-مۇ ئىشىنەر؟

— ھەسرەت چەكمىگىن، يولداش، — دېدى يارىسىدىن قان ئېقىپ تۇرغان سىنوۋبول، — ئۇرۇش دېگەن ئۇرۇش. ئادەمزاتنىڭ پەقەت ئۆلگىنىنىلا ياخشى دېگىلى بولىدۇ.

— تىرىك جانغا زامىن بولغۇم يوق،ئادەمزاتقىمۇ

www.uyghurkitap.com

شۇنداق، ــ دېدى بوكسېر كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا.
ــ موللى قېنى؟ ــ دېيىشتى ھايۋانلار.

ھەقىقەتەن موللى كۆرۈنمەيتتى. ھايۋانلار دەككە-دۈككىگە چۈشتى، ئادەملەر ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزدى ياكى ئۇنى ئېلىپ كەتتى دەپ ئەنسىرەشتى. ئاخىرى، موللىنىڭ ئۇزىنىڭ قوتىنىدا بېشىنى ئوت-چۆپلەرگە چۆمكەپ يېتىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئەسلىدە ئۇ بايىقى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەنىدى. باشقا ھايۋانلار موللىنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى مىراخور (ئات باققۇچى)نىڭ ھوشىغا كېلىپ، قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ھايۋانلار ئەسەبىي بىر ھاياجاندا بىر يەرگە يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جەڭدىكى تۆھپىلىرىنى ئاۋازىنىڭ بارىچە بايان قىلىشتى. ئۇلار غەلىبە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتى. بايراق چىقىرىپ، «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خورنى توۋلىدى، ئوقتا ئۆلگەن قوينىڭ جەسىتىنى ھەيۋەت بىلەن دەپنە قىلدى. سىنوۋبول قەبرىنىڭ بېشىدا قىسقا نۇتۇق سۆزلەپ، زۆرۈر تېپىلغاندا بارلىق ھايۋانلارنى قوروق ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا چاقىردى.

ھايۋانلار بىردەك ھەربىي تۆھپە ئوردېنى تەسىس قىلىپ، سىنوۋبول بىلەن بوكسېرغا «بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» ئوردېنىنى نەق مەيداندىلا بېرىشتى. ئۇلار مىستىن ياسالغان بۇ ئوردېنلارنى (ئەمەلىيەتتە، ئۇ جابدۇقخانىدىن تېپىلغان ئاتقا ئىشلىتىدىغان مىس جابدۇقلاردىن ئىدى) يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرىدىلا تاقايتتى. يەنە «ئىككىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» ئوردېنى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان قويغا بېرىلدى.

كۆپچىلىك بۇ قېتىملىق ئۇرۇشقا نام بېرىش توغرىسىدا

دەتالاش قىلىشىپ، ئاخىرى قوتان ئۇرۇشى دېگەن نامنى مۇ-
ناسىپ كۆرۈشتى. چۈنكى، ئەسكەرلەر دەل قوتاندا پىستىر-
مىدا تۇرۇشقانىدى. جونېس ئەپەندىنىڭ مىلتىقى پاتقاقتىن
تېپىلدى، هايۋانلار قورۇقتىكى ئۆيدە زاپاس ئوقىنىڭ بارلى-
قىنى پەملىشىپ، مىلتىقنى بايراق خادىسى ئاستىغا يۆلەپ
قويۇپ، هۆرمەت توپى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى لايىق تېپىش-
تى. ئۇلار يىلدا ئىككى نۆۋەت: بىرى 12 ـ ئۆكتەبىردىكى
قوتان ئۇرۇشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، يەنە بىرى 24 ـ ئى-
يۇندىكى ئىسيانىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن توپ ئاتىدىغان بولدى.

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

قىش پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، موللى كەلتۈرىدىغان ئاۋارىچىلىقمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىشقا كېچىكىپ كەلگەنلىكى ئۈستىگە ئۇخلاپ قاپتىمەن دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى، ئىشتىھاسى ياخشى بولسىمۇ، ھېلى بۇ يېرىم، ھېلى ئۇ يېرىم ئاغرىيدۇ دەپ قاقشاپ يۈرەتتى. ئۇ يەنە ھەرخىل باھانىلەر بىلەن ئىشتىن قېچىپ، سۇ ئىچىدىغان كۆلچەكنىڭ بويىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ سۇدىكى ئەكسىگە ئۇزاق تىكىلىپ قارايتتى. يەنە بەزى ئۆسەك گەپلەرگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايتتى. بىر كۈنى موللى ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، بىر تال قۇرۇق چۆپنى چاينىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلگەنىدى، كلوۋېر ئۇنى يېنىغا تارتتى.

— موللى، — دېدى كلوۋېر، — ساڭا دەيدىغان مۇھىم بىر ئىش بار. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سېنىڭ قورۇقىمىزنى تۈلكە جاڭگال قورۇقىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان قاشانىڭ يېنىدا ئۇ تەرەپكە قاراۋاتقىنىڭنى، ئۇ تەرەپتە پىلكىڭتون ئەپەندىنىڭ بىر ئىشلەمچىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. گەرچە يىراقتا تۇرساممۇ ئۇنىڭ ساڭا گەپ قىلغاچ تۇمشۇقۇڭنى سىيلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردۈم. ئېيتقىنا، موللى، بۇ زادى قانداق ئىش؟

— ئۇنداق ئىش يوق، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغان، — ۋارقىرىدى موللى، ئۇ يەرنى تېپىشلەپ سەكرەيتتى.

— كۆزۈمگە بىر قارىغىنا، موللى، ئۇ ئادەم مېنىڭ

تۇمشۇقۇمنى تۇتمىدى دەپ قەسەم قىلالامسەن؟

ــ يالغان! ــ موللى بايىقى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى. ئەمما، ئۇ كلوۋېرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى، ئۇ يۈگۈرگىنىچە دالا تەرەپكە كەتتى.

كلوۋېر ھېچكىمگە تىنماي، ئۇدۇل موللىنىڭ قوتىنىغا كىرىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى مالتىلاپ كۆرۈۋىدى، يوشۇرۇپ قويۇلغان بىر دۆۋە چاقماق قەنت بىلەن ھەرخىل رەڭدىكى بىر نەچچە تال لېنتىنى تاپتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن موللى كۆرۈنمىدى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلمىدى. كېيىن كەپتەرلەر ئۇنى ۋىللىڭتون قورۇقىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە كۆرگەنىمىش. موللى قىزىل ۋە قارا رەڭدە سىرلانغان چىرايلىق ھارۋىغا قېتىلىپ بىر قاۋاقخانىنىڭ سىرتىدا تۇرغانىمىش. چاقماق گۈللۈك كالتە ئىشتان كىيىپ، پاچاقلىق يۆگىگەن، مەڭزى قىپقىزىل، سېمىز بىر



www.uyghurkitap.com

ئادەم موللىنىڭ تۇمشۇقىنى سىيلىغىنىچە قەنت بېرىۋاتقانمىش. ئۇ ئادەم كۆرۈنۈشىدىن قاۋاقخانا خوجايىنىغا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ مويلىرى يېڭىدىن قىرقىلغان بولۇپ، ماڭلىيىغا توق قىزىل لېنتا چىگىۋالغانىكەن، ئۇ بۇ ھالىتىدىن خېلىلا رازىدەك كۆرۈنگۈدەكمىش. كەپتەرلەر شۇلارنى دېگەندىن كېيىن، ھايۋانلار موللىنى تىلغا ئېلىپ باقمىدى.

بىرىنچى ئاينىڭ ھاۋاسى نەشتەردەك چاقاتتى. يەر چويۇندەك قېتىپ كەتكەن بولۇپ، ئېتىزلاردا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايتتى. ئاشلىق ئامبىرىدا كۆپ قېتىم مەجلىس چاقىرىلىپ، چوشقىلار كېلەر يەسىلىلىك پىلاننى تۈزۈش بىلەن بەنت بولۇشتى. چوشقىلار چىقارغان قارارنىڭ كۆپ ساندىكى ھايۋانلارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدىن ئۆتۈشى لازىم بولسىمۇ، ھايۋانلار قورۇقنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرىدىن زېرەك بولغان چوشقىلار ئوبدان ھەل قىلىدۇ دەپ قارايتتى. سنوۋبول بىلەن ناپالېئوننىڭ تالاش - تارتىشى بولمىسىلا، قارارلارنى راۋان يۈرۈشىدۇ دېيىشكە بولاتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق ئىشتا ئىختىلاپ بولماي قالمايتتى. ناۋادا بىرى بۇغداينى كۆپ تېرىش كېرەك دېسە، يەنە بىرى چوقۇم ئارپىنى كۆپ تېرىش كېرەك دەيتتى، بىرى مەلۇم بىر يەرگە قات كۆك تېرىش مۇۋاپىق دېسە، يەنە بىرى ئۇ يەرگە چوقۇم سەۋزە تېپىدىكى نەرسىلەرنى تېرىغان تۈزۈك دەيتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق قوللىغۇچىلىرى بولۇپ، بىرقانچە قېتىم بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىشلار بولدى. كېڭەشتە سنوۋبول ئۆزىنىڭ قالتىس نۇتۇقلىرى بىلەن كۆپ ساندىكىلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرەتتى، ناپالېئونمۇ باشقىلارنى ئۆزى ئۈچۈن بېلەت تاشلاتقۇزۇشقا ماھىر ئىدى، ئۇنىڭ گېپى قويلارنىڭ ئارىسىدا بەكرەك ئىناۋەتلىك ئىدى. يېقىندىن بېرى، قويلار

«تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دېگەن گەپنى ۋاقىتنىڭ مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقىغا قارىمايلا تولا دەيدىغان بولۇپ قېلىشتى، ئۇلار ھەمىشە شۇ تەرزدە تۇۋلاپ كېڭەشنى بۇزۇۋېتەتتى. ھايۋانلار قويلارنىڭ «تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دېگەن شوئارى بىلەن ھەر قېتىم سنوۋبولنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. سنوۋبول خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن «تېرىلغۇ ۋە چارۋا خوجايىنى» ناملىق ژۇرنالنىڭ كونا سانلىرىنى تېپىپ، ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتى - دە، كاللىسى ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش پىلانلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇ سۇغىرىش يوللىرى، سىلوس، ھەلەپ قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى يوللۇق گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇ بارلىق ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ غەلدى - غەشلىرىنى جايىدىن قوزغالمايلا ئېتىزلىققا راۋان قىلىپ، توشۇش ئەمگىكىنى تېجەيدىغان بىر سىستېمىنى لايىھەلەپ چىقتى. ناپالېئون لايىھە دېگەندەك نەرسىلەرنى قىلىپ يۈرمەيتتى، ئەكسىچە، ئۇ سنوۋبولنىڭ لايىھەسىدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ، دەپ كىنايە قىلاتتى. قارىغاندا، ناپالېئون بىرەر پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مۇنازىرىدىن ئەڭ كەسكىن بولغىنى چاقپېلەك ھەققىدىكى مۇنازىرە بولدى.

تۇرالغۇدىن يىراق بولمىغان ئۇزۇن تۆت چاسا ئوتلاقتا، ئېگىز بىر دۆڭ بار ئىدى. سنوۋبول بۇ دۆڭنىڭ يەر شەكلىنى قورۇقنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان گېنېراتور بېكىتىشكە لايىق ئىكەن دەپ چۈشەندى. توك قوتان ۋە كاتەكلەرگە يورۇقلۇق بېرىپلا قالماي، يەنە قىش كۈنلىرى ئىسسىقلىق چىقىرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا توك ھەرە، توك چالغا، قىرىلچا يالپاقلاش ماشىنىسى ۋە سۈت ساغقۇ قاتارلىقلارنى

ھەرىكەتلەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھايۋانلار بۇنداق يېڭى گەپلەرنى زادى ئاڭلاپ باقمىغانىدى (چۈنكى، بۇ كونىچە دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئاددىي ئۆسكۈنىلەردىن باشقا نەرسە يوق ئىدى)، شۇڭا، ئۇلار سىنوۋبولنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىدىن سېھىرلىنىپ كەتتى، ئۇلار بۇ تەسۋىر ئارقىلىق ھەرخىل سىرلىق ماشىنىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ دالىدا ئارام ئېلىپ كۆشەپ ياتقانلىقىنى، كىتاب ئوقۇپ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆستۈرۈۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقانىدى.

سىنوۋبولنىڭ چاقپەلەك ھەققىدىكى پىلانى بىرقانچە ھەپتە ئىچىدىلا پۈتتى. مېخانىكا جەھەتتىكى تەپسىلاتلار جونىس ئەپەندىنىڭ «ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان مىڭ تۈرلۈك بىلىم»، «سىزمۇ تامچى بولالايسىز»، «توكچىلىق ساۋاتلىرى» قاتارلىق ئۈچ كىتابىدىن ئېلىندى. سىنوۋبول بۇرۇن ئىنكۇباتور (چۈجە چىقىرىش ماشىنىسى) قويۇلغان ئۆيىنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسى قىلدى، بۇ ئۆينىڭ سىلىق پوللىرى چېرتيوژ سىزىشقا ئەپلىك ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە سائەت ـ سائەتلەپ تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى. يېيىلغان كىتاب بەتلىرى تاش بىلەن باستۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، سىنوۋبول بورلارنى تىزلىرى بىلەن قىسىپ تۇتۇپ، نېمىلەرنىدۇر سىزاتتى، ئۇياق ـ بۇياقلارغا مېڭىپ، ھاياجانلىق نەپەس ئالاتتى. تەسەۋۋۇرلار بارا ـ بارا مۇرەككەپ چىشلىق چاق ۋە پىشاڭلارغا ئايلىنىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالدى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرالمىغان ھايۋانلارغا ئاجايىپ بىلىندى. ئۇلار ھەر كۈنى ئاز بولغاندا بىرەر قېتىم كېلىپ سىنوۋبولنىڭ چېرتيوژلىرىنى كۆرەتتى. توخۇ، ئۆردەكلەرنىڭ بور ئىزلىرىنى دەسسەپ يۇرۇشكە يول قويۇلمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشسىمۇ، كۆندە كەلمەي قويمايتتى. بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن پەقەت ناپالېئونلا

سوغۇقتىن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇ چاقپەلەك پىلانىغا ئۆزىنىڭ قارشى ئىكەنلىكىنى باشتىلا بىلدۇرگەنىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا بېرىپ، پىلاننى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ سېمىز بەدىنىنى ئىرغاڭلىتىپ، چېرتيوژنىڭ ھەربىر نۇقتىسىنى ئىنچىكە كۆرۈپ چىقتى، پۈراپمۇ باقتى. ئۆرە تۇرغىنىچە چېرتيوژنى كۆز مۆلچەرىدە ئۆلچەپ باقتى. ئارقىدىنلا بىر پۈتىنى كۆتۈرۈپ چېرتيوژغا سىيىۋەتتى – دە، گەپ – سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى.

پۈتكۈل قورۇق چاقپەلەك مەسىلىسىدە ئېغىر ئىختىلاپ ھالىتىگە كىرىپ قالدى. چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنىڭ مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى سنوۋبولمۇ ئېتىراپ قىلاتتى. تام قوپۇرۇش ئۈچۈن تاش يۆتكەش كېرەك ئىدى، مۇھىمى چاقپەلەكنىڭ قاناتلىرىنى ياساش، گېنېراتور ۋە توك كابېللىرىنى تەييارلاشقا توغرا كېلەتتى. (قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا سنوۋبول ھېچنېمە دېيەلمىدى.) سنوۋبول بۇلارنى بىر يىل ئىچىدە تاماملاپ بولۇشقا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئەمگەك كۈچلىرىنى تېجىگىلى بولىدۇ، ھايۋانلار ھەپتىدە ئۈچ كۈن خىزمەت قىلسا بولىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتاتتى، ناپالېئون بولسا ھازىرقى مۇھىم ئىش ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، بىز ۋاقتىمىزنى چاقپەلەك ئىشىغا ئىسراپ قىلىۋەتسەك، ئاچ قېلىپ ئۆلسەك بولىدۇ، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھايۋانلار ئىككى مەزھەپكە ئايرىلدى. مەزھەپلەرنىڭ بىرى «سنوۋبول ۋە ئۇنىڭ ھەپتىدە ئۈچ كۈن خىزمەت قىلىش» شوئارىنى ھىمايە قىلسا، يەنە بىرى «ناپالېئون ۋە ئۇنىڭ ئوقۇرلارنى ئاشلىققا تولدۇرۇش» شوئارىنى ھىمايە قىلاتتى. بېنيامىن بىردىنبىر بىتەرەپ ھايۋان ئىدى، ئۇ ئاشلىقنىڭ مول بولۇشى ياكى چاقپەلەك ئارقىلىق ئەمگەك كۈچىنى تېجەش دېگەنلەرنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئىشەن-

مەيتتى. ئۇ چاقپەلەك بولسۇن ـ بولمىسۇن، كۆنلەر بۆرۆن-
قىدەكلا ناچار ئۆتىدۇ، دەپ قارايتتى.

چاقپەلەك مۇنازىرىسىدىن باشقا يەنە بىر مۇنازىرە بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ قورۇق مۇداپىئەسى. گەرچە قوتان ئۆرۆ-
شىدا ئىنسانلار مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، جونېسلار تېخىمۇ كەسكىن ئۇرۇش قوزغاپ، قورۇقنى قايتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن دېگەن تەشۋىش هايۋانلارنىڭ هەممىسىگە ئورتاق ئىدى. ئىن-
سانلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرى جاهانغا پۇر كېتىپ، قوشنا قورۇقلاردىكى هايۋانلارمۇ قوترايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. نا-
پالېئون بىلەن سنوۋبول بۇرۇنقىدەكلا زىددىيەتلىشىپ يۈ-
رەتتى. ناپالېئونچە بولغاندا، هايۋانلار بىرەر ئاماللار بىلەن قوراللارغا ئېرىشىپ، ئۇلارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنى-
شى كېرەك ئىدى. سنوۋبولنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، تې-
خىمۇ جىق كەپتەرلەرنى قويۇپ بېرىپ، باشقا قورۇقتىكى هايۋانلارنى ئىسيانغا دالالەت قىلىش كېرەك ئىدى. ئالدىنقى پىكىر بويىچە قارىغاندا، هايۋانلار ئۆزىنى قوغدىيالمىسا، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزى ئاستىدا قالىدۇ. كېيىنكى پىكىر بو-
يىچە قارىغاندا، ئىسيان هەممە يەردە ئەۋج ئالسا، هايۋانلارنىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ يۈرۈشىنىڭ هاجىتى قالمايدۇ. هايۋانلار باشتا ناپالېئوننىڭ تەشەببۇسىنى ، ئاندىن سنوۋ-
بولنىڭ تەشەببۇسىنى ئاڭلىدى ـ يۇ، قايسى بىرىنىڭ هەق ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىدى. ئۇلارغا هەر ئىككىسىنىڭ گېپى توغرىدەك بىلىنەتتى.

سنوۋبولنىڭ پىلانى ئاخىرى پۈتۈپ چىقتى. چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنى باشلاش ـ باشلىماسلىق توغرىسىدا بۇ يەكشەن-
بىلىك كېڭەشتە قارار چىقاتتى. هايۋانلار ئاشلىق ئامبىرىغا يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، سنوۋبول ئورنىدىن تۇرۇپ

نۇتقىنى باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزى قويلارنىڭ مەرىشىدىن ئۇ-
زۇلۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى
سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى. ئارقىدىن ناپالېون ئورنى-
دىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى، ئۇ چاقپەلەك قۇرۇلۇشى
دېگەن بىمەنە گەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنى قوللىماسلىقىنى
ئۈمىد قىلىمەن دەپلا ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ پەقەت يېرىم
مىنۇتلا گەپ قىلدى، قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ قانداق
بولۇشى بىلەن چاتىقى يوقتەك قىلاتتى. سنوۋبول ئورنىدىن
چاچراپ تۇردى ـ دە، مەرەپ تۇرغان قويلارغا ئاغزىڭنى يۇ-
مۇش، دەپ ۋارقىرىدى، ئۇ ھېسسىياتقا باي نۇتقىنى
داۋاملاشتۇرۇپ، كېڭەش ئەھلىنى چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنى
قوللاشقا چاقىردى. بۇرۇن ئۇنى قوللايدىغانلار بىلەن قوللى-
مايدىغانلار ئاساسەن تەڭ ئىدى، بۇگۈنكى نۇتۇق ۋەزىيەتنى
ئۆزگەرتتى. سنوۋبول پاساھەتلىك ئىبارىلەر بىلەن ھايۋانلار-
نىڭ مەينەت ھەم جاپالىق ئىشلاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى
قورۇقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەل-
تۈردى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەمدى توك چالغا، قىزىلچا يال-
پاقلاش ماشىنىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. توك بولسا ھەر-
بىر قوتاندا بىردىن چىراغ بولىدۇ، ئىسسىق سۇ ۋە سوغۇق
سۇ بولىدۇ، توك پار بولىدۇ، يەنە دان ئايرىغۇچ، يەر ئاغدۇر-
غۇ، توك تۈگمەن، كومبايىن، چۆپ باغلاش ماشىنىسى قاتار-
لىقلارنىمۇ ئىشلىتەلەيمىز، دېدى ئۇ. نۇتۇق ئاخىرلىشىۋ-
دى، سنوۋبولنىڭ قوللاشقا ئېرىشىشى مۇقەررەرلىشىپ
قالدى. بۇ پەيتتە، ناپالېئون ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئالى-
يىپ تۇرۇپ شۇنداق سەت چىرقىرىدىكى، ھېچكىم بۇرۇن
ئۇنىڭ بۇنداق چىرقىرىشىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

سىرتتا ئىتلارنىڭ ۋەھىملىك قاۋاشلىرى ئاڭلاندى. بوي-
نىغا مىس بىلەن پۇختىلانغان بويۇن چەمبەر كىيدۈرۈلگەن

www.uyghurkitap.com

توققۇز يوغان ئىت ئاشلىق ئامبىرىغا ئىتتىلىپ كىرىپ، سىدنوۋبولغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئەپچىللىك بىلەن قاچۇرۇپ، ئىتلارنىڭ ياۋۇز چىشلىرىدىن قۇتۇلدى. ئۇ ھەش – پەش دېگۈچە سىرتقا چىقىپ بولدى، ئىتلار ئەگىشىپ قوغلاپ چىقتى، ھايۋانلار قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، سىرتقا چىقىپ، ۋەقەگە قاراپ تۇرۇشتى. سىنوۋبول چوڭ يولغا تۇتەشىدىغان چاسا ئوتلاقتا قاراپ كۆچىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. پەقەت چوشقىلارلا شۇنداق يۈگۈرسە كېرەك، ئىتلار ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ يېتىپ كېلىشۋاتاتتى. ئۇ توساتتىن تېيىلىپ يىقىلدى، ئەمدى ئۇ ئىتلارنىڭ ئارىسىدا قالىدىغاندەك تۇراتتى. ئەمما، بۇ چوشقا ئورنىدىن تۇرۇپ، تېخىمۇ تېز يۈگۈردى، ئىتلارمۇ يېقىنلاپ كېلىپ، قايسىدۇر بىرى سىنوۋبولنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەشكە ئۈلگۈردى، بىراق، سىنوۋبول كۆچىنىڭ بارىچە بىر سىلكىنىپ، ئىتنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدى. يەنە چىشلىنىشكە بىر سويام قالغاندا، چوشقا تەۋەككۇل قىلىپ، قاشانىڭ يوچۇقىدىن ئۆتۈپ، نەگىدۇر غايىب بولدى.

ئاردا جىمجىتلىق ھەم ۋەھىمە ھۆكۈم سۈردى، ھايۋانلار ئاشلىق ئامبىرىغا قايتىپ كىرىشتى، ھايال ئۆتمەي ئىتلارمۇ ئاسقاقلاپ قايتىپ كىرىشتى. ئىتلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى باشتا ھېچكىم ئىدراك قىلالمىدى، ئەمما، بۇ سىر نەق مەيداندا يېشىلدى: ئىتلار ناپالېئون تەرىپىدىن ئانىسىدىن ئايرىپ بېقىلغان ھېلىقى توققۇز كۈچۈكنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. گەرچە ئۇلار تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان بولسىمۇ، بۆرىدەك سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار ناپالېئونغا ئەگىشىپلا يۈرەتتى، شۇنىسى بايقالدىكى، ئۇلارنىڭ ناپالېئونغا قاراپ قۇيرۇق شىپاڭلىتىشى بۇرۇنقى بەزى ئىتلارنىڭ جونېس ئەپەندىنىڭ ئالدىدىكى قىلىقلىرىغا ناھايىتى ئوخشايتتى.

ئىتلىرى ئەگىشىۋالغان ناپالېئون بۇرۇن قېرى مايور نۇتۇق سۆزلىگەن سۇپىغا چىقتى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن يەكشەنبە چۈشتىن بۇرۇنقى كېڭەش ئەمەلدىن قالدى دەپ جاكارلىدى. ئۇ بۇنداق يىغىنلارنى تەشكىللەش ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن قورۇقنىڭ ئىشلىرىغا ئائىت قارارلارنى چوشقىلاردىن تۈزۈلگەن مەخسۇس كومىتېت چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ رەئىسى مەن، دېدى ئۇ. ئۇ يەنە ھەيئەتلەرنىڭ مەخپىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ چىقارغان قارارلىرىنى ئۇلار ھايۋانلارغا يەتكۈزىدۇ، ھايۋانلار ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنلىرى يىغىلىپ، بايراققا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خورنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن بىر ھەپتىلىك ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، مۇزاكىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، دەپ ئېلان قىلدى.

سىنوۋبولنىڭ قوغلاندى قىلىنىشىدىن چۆچۈگەن ھايۋانلار يۇقىرىقى جاكارنامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق مەيۇسلەندى، بەزى ھايۋانلار قارشىلىق قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، تۈزۈك باھانە تاپالمىدى. بۇ ئىشنىڭ تەسلىكىنى بوكسېر جېنىدىمۇ غۇۋا ھېس قىلدى. ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، يالىنى نەچچە قېتىم سىلكىدى، كۆڭلىدىن كەچكەن ئويلارنى ئىدىتلاپ باققان بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. بىرنەچچە چوشقا ئۆزلىرىنى خېلى سۆزمەن دەپ بىلەتتى. ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان تۆت چوشقا نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولۇپ، بىردەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىۋېدى، ناپالېئوننىڭ چۆرىسىدىكى توققۇز ئىت سەت ئەلپازدا ئۇلارغا قاراپ خىرقىرىدى، چوشقىلار دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، قويلار توپى ئەنسىز مەرىشىپ: «تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دېگەن شوئارنى چارەك سائەت توۋلاشتى، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ تالاش ـ

تارتىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلىرى جىمىقىپلا كەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، سىكالىېر ھەممە جايلارنى ئارىلاپ، باشقا ھايۋانلارغا يېڭى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ، — يولداش ناپالېئون بۇ يېڭى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى، مەن ھەرقايسى ھايۋانلارنىڭ بۇنداق قۇربان بېرىش روھىنى قىزغىن ئالقىشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. يولداشلار، سىلەر داھىي بولۇشنى كۆڭۈللۈك ئىش، دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئەمەلىيەتتە، ئۇ دەردى جىق ئېغىر ئىش! بارلىق ھايۋانلار ئۆزئارا باراۋەر دېگەن پىرىنسىپقا يولداش ناپالېئون ھەممىدىن بەك ئىشىنىدۇ، ئۇ ئۆز ئىشىڭلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ ئىگە بولۇشنى بەك ياقلايدۇ. بىراق، يولداشلار، سىلەر بەزىدە خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن، ئۇنداق بولغاندا، بىز قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز؟ قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەر سنوۋبولغا ئەگىشىپ، چاقپەلەك چۈشىنى كۆرۈپ يۈرسەڭلار، ئۇنداقتا، بىز جىنايەتچىدىن پەرقسىز دەپ قارايدىغان ئاشۇ سنوۋبول...

— ئۇ قوتان ئۇرۇشىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن، — دېدى بىر ھايۋان.

— باتۇر بولسىلا ھېساب ئەمەس، — دېدى سىكالىېر، — ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىتائەتمەنلىك ھەممىدىن مۇھىم. قوتان ئۇرۇشىغا كەلسەك، بىز سنوۋبولنىڭ رولىنى زىيادە كۆپتۈرۈۋەتتۇقمۇ ـ قانداق، يولداشلار، پولاتتەك ئىنتىزام بىزنىڭ نۆۋەتتىكى شوئارىمىز. بىر قەدەمنى خاتا ئالساق، دۈشمىنىمىز شىللىمىزگە يەنە چىقىدۇ. سىلەر جونىسنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالىمايدىغانسىلەر، يولداشلار؟

بۇ مەسىلە يەنىلا مۇنازىرە كەتمەيدىغان قاتتىق قائىدىگە ئايلاندى. ھايۋانلار جونىسنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالىمايتـ

تى. ئەگەر يەكشەنبە چۈشتىن بۇرۇنقى مۇزاكىرە جۇنېسىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە سەۋەبچى بولىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇنداق يىغىننىڭ توختاپ قالغىنى تۈزۈك. بۇ ۋاقىتتا، بوكسېر كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ بولغانىدى، ئۇ: «يولداش ناپالېئون بۇنداق دېگەن تۇرسا، بۇ گەپ خاتا بولامتى» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ناپالېئون مەڭگۈ توغرا گەپ قىلىدۇ» دېگەننى ئۆزىگە قىبلىنەما قىلىپ، بۇرۇنقى «مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيمەن» دېگەن سۆزىنى بېيىتتى.

قاتتىق سوغۇق تۈگەپ، تېرىم باشلاندى. سىنوۋبول چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنىڭ چېرتيوژىنى سىزغان ھېلىقى ئۆي تاقىۋېتىلدى ـ دە، كىشىلەرگە چېرتيوژ ئۆچۈرۈۋېتىلدى دېگەن تەسىرات بېرىلدى. ھەر يەكشەنبە ئەتىگىنى سائەت ئونلاردا ھايۋانلار ئاشلىق ئامبىرىغا يىغىلىپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالاتتى. ئاللىبۇرۇن چىرىپ كەتكەن قېرى مايورنىڭ باش سۆڭىكى قېزىپ چىقىرىلىپ، بايراق خادىسىنىڭ ئاستىغا، يەنى ئوۋ مىلتىقىنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان بىر كۆتەككە جايلاشتۇرۇلدى. بايراق چىقىرىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ھايۋانلارنىڭ سەپ بولۇپ، باش سۆڭىكىگە تەزىم قىلىپ ئۆتۈپ، ئاندىن ئاشلىق ئامبىرىغا كىرىشى تەلەپ قىلىندى. ئۇلار ئەمدى بۇرۇنقىدەك دەرقەمدە ئولتۇرمايدىغان بولۇشتى. ناپالېئون، سكالېر ۋە شاكىچىك دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر چوشقا (ئۇ مۇزىكا ۋە شېئىردىكى قابىلىيىتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن) سۇپىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇراتتى، ھېلىقى ۋەھشىي توققۇز ياش ئىت بۇ ئۈچىنى يېرىم چەمبەر شەكىللىك دائىرىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشتى، باشقا چوشقىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئورۇن ئالدى. قالغان تائىپىدىكى ھايۋانلار ئامبار-

نىڭ چوڭراق يېرىنى ئېگىلەپ، سۈپىدىكىلەرگە يۈزلىنىپ، پەستە ئولتۇردى. ناپالېئون تومتاقلا قىلىپ ۋەزىپە تەقسىماـ تىنى ئوقۇپ تۈگەتتى ـ دە، «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خور بىر نۆۋەت ئوقۇلۇپ، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى تارقالدى.

سىنوۋبول قوغلاندى بولغاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى يەكشەنبىدە ھايۋانلار ناپالېئوننىڭ چاقپەلەك پىلانىنى قايتا يولغا قويىدىغانلىقى توغرىسىدىكى جاكارنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇشتى. ئۇ غەرىزىنىڭ ئۆزگەرتۈشتۈرۈپ قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپمۇ يۈرمىدى. پەقەت بۇ ئىش ناھا-يىتى جاپالىق بولىدۇ، ھەتتا ئاشلىقنىمۇ قىسىشقا توغرا كې-لىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇ پىلان يېپيېڭىدىن ـ ئىنچىكىلىكىگىـ چە تۈزۈلۈپ، ئىش باشلاشنىڭ تەييارلىقىمۇ پۈتۈپ قالاي دې-گەنىكەن. ئۆتكەن ئۈچ ھەپتە ئىچىدە، چوشقىلاردىن تەشكىلـ لەنگەن مەخسۇس كومىتېت بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەـ نىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە، چاقپەلەكنى ياساش ۋە ھەرخىل ياخشىلاش تۈرلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى يىل ۋاقىت كېتىدىكەن.

شۇ ئاخشىمى، سكالېر بەزى ھايۋانلارغا ئۆزلۈكىدىن چۈشەندۈرۈش بېرىپ، ناپالېئون تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، چاقپەلەك پىلانىغا قارشى ئەمەس، ئۇ بۇ پىلاننى باشتىن ـ ئاخىر تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن، سىنوۋبول سىزغان چاق-پەلەك قۇرۇلۇشى چېرتيوژى ناپالېئوننىڭ ئارخىپلىرىدىن ئوغرىلانغان، دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چاقپەلەك پىلانى نا-پالېئوننىڭ كەشپىياتى ئىكەن. بەزى ھايۋانلار، ئەمىسە ئۇ باشتا بۇ پىلانغا نېمانچە قاتتىق رەددىيە بەرگەن بولغىيدى، دەپ سورىماي تۇرالمىدى. بۇ ۋاقىتتا، سكالېرنىڭ چىرايى سىرلىق تۈس ئالدى. بۇ دەل يولداش ناپالېئوننىڭ چېچەنلىـ كى، دېدى سكالېر، ئۇ كۆرۈنۈشتە چاقپەلەك پىلانىغا قار-

شى، ئەمەلىيەتتە بۇ سىنوۋبولنى يوقىتىش ئۈچۈن قوللى-
نىلغان ئەگىپ ئۆتۈش تاكتىكىسى. سىنوۋبول ناھايىتى خە-
تەرلىك، تەسىرى يامان شەخس. مانا ئەمدى سىنوۋبول يوقال-
دى، چاقپەلەك پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈنىڭ كاشىلىسىغا
ئۇچرىمايدىغان بولدى. سىكالىر مانا بۇ ھەقىقىي ئىستراتې-
گىيە، دېدى. ئۇ ئۈلاپلا يەنە: «يولداشلار، بۇ دېگەن ئىستراتې-
گىيە، بۇ دېگەن ئىستراتېگىيە» دېدى قايتىلاپ، ئۇ خۇشال-
لىقتىن سەكرەپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلاتتى. ھايۋانلار
«ئىستراتېگىيە» دېگەن گەپنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى،
سىكالىرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى قايىل قىلارلىق بولغانلىقى
ئۈستىگە، ياندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئىتنىڭ ۋەھىملىك
ھاۋشىشلىرى ئاڭلاندى. ھايۋانلار ئارتۇق سوئال - سوراق
قىلىپ يۈرمەيلا سىكالىرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى قوبۇل
قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

شۇ يىلى ھايۋانلار قولدەك ئىشلەپ چىقتى. لېكىن، ئۇلار خۇشال ئىدى. ئۇلار قېتىرقىنىپ ئىشلىدى، قۇربان بېرىشتىن قورقمىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن مېھنەت قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ مېھنەتنىڭ ھەرگىزمۇ تەييارتاپلار ۋە ئوغرىلار ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەتتى.

ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا ھايۋانلار ھەپتىسىگە 60 سائەتتىن ئىشلىدى، سەككىزىنچى ئايغا كەلگەندە، ناپالېئون يەكشەنبە چۈشتىن كېيىنمۇ ئىشلەش كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى ئەمگەك خالىسانە ئىدىكى، قاتناشمىغانلار ئۆزىگە تېگىشلىك نورما ئاشلىقىنىڭ يېرىمىدىن مەھرۇم بولاتتى. ئەمگەكلەر شۇنداق سىجىل بولسىمۇ، ئىشلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيتتى. شۇ يىللىق ھوسۇلمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازراق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازنىڭ بېشىدا تېرىلىپ بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى پارچە يەر ئاغدۇرۇقسىز قېلىپ تېرىلماي قالدى. قارىغاندا، قىش تەستە ئۆتىدىغاندەك قىلاتتى.

چاقپەلەك قۇرۇلۇشى ئويلىمىغان يەردىن ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. قورۇقتا ھاك چىقىدىغان بىر يەر بار بولۇپ، بىر لاپاس ئۆيدىن يېتەرلىك قۇم ـ سېمونتلارمۇ تېپىلدى. يەنە چاقپەلەككە كېتىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى تەل بولدى. ئەمما، ھايۋانلار تاشلارنى مۇۋاپىق ھەجىمدە پارچىلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. قارىغاندا، بۇ

ئىشقا بازغان، لوم تۆمۈر دېگەندەك قوراللار لازىم بولاتتى ـ يۇ، ھايۋانلار ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە بولالمىغاچقا، بۇ قوراللارنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى.

نەچچە ھەپتە باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ، ھايۋانلار يەرنىڭ تار ـ تىش كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت مۇۋاپىق بىر ئۇ ـ سۇلنى ئىزدەپ تاپتى. يوغان ـ يوغان تاشلارنى يۆتكىگىلى بولمىغانلىقتىن ئۆز جايىدا شۇ پېتى ياتاتتى. ھايۋانلار تاشنى ئارقان بىلەن باغلىدى. ئاندىن كالا، ئات، قوي دېگەندەك ئار ـ قان تارتىشقا يارايدىغان بارلىق ھايۋانلار، ھەتتا زۆرۈر تې ـ پىلغاندا چوشقىلارمۇ قېتىلىپ، يوغان تاشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاستا سۈرئەت بىلەن بىر ئېگىزلىككە سۆرەپ چىقىپ، پەسكە تاشلاپ پارچىلاشتى. پارچىلانغان تاشلارنى توشۇماق ئاسان ئىدى. ئاتلار ھارۋا تارتتى، قويلار ئايرىم بو ـ لۇپ پارچە تاشلارنى سۆرىدى. ئۆچكە موريېل بىلەن ئېشەك بېنيامىنلار بىرلىشىپ، كونا بىر ھارۋىنى سۆرەشتى. يازنىڭ ئاخىرىدا يېتەرلىك تاش ماتېرىيال تەييارلانغاندىن كېيىن، چوشقىلارنىڭ قوماندانلىقىدا چاقپەلەك قۇرۇلۇشى باشلاندى.

بۇ ناھايىتى ئاستا، مۇشەققەتلىك بىر جەريان بولدى. بىر تاشنى كۆنلەپ ئاۋارە بولۇپ ئېگىزگە ئېلىپ چىقىپ، پەسكە تاشلىغاندا، تاش پارچىلانماي قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇراتتى. بوكسېرنىڭ كۈچى گويا باشقا ھەممە ھايۋانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۈچىدىنمۇ زور بولۇپ، ئۇ بولمىسا ئىش ئاقمايتتى. يوغان تاش پەسكە تارتىپ كەتكەن ـ دە، ئۇنى سۆرەۋاتقان ھايۋانلارمۇ تاش بىلەن بىرگە پەسكە تارتىلىپ، قىيا ـ چىيا قىلىشىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا بوك ـ سېر ئارقاننى كۈچىنىڭ بارىچە يۇقىرىغا تارتىپ، تاشنى توختىتىۋالاتتى. بوكسېر تاشنى قەدەممۇ قەدەم سىلجىتىپ، يۇقىرىغا ئېلىپ چىققۇچە ھاسىراپ، يەرگە ئۇيۇلدەك دەس ـ

www.uyghurkitap.com

سەيتتى، ئۇستىباشلىرى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كېـ
تەتتى، ھايۋانلار بۇنىڭغا قاراپ قايىل بولماي تۇرالمايتتى.
كلوۋېر بەزىدە ئۇنى ئېھتىيات قىل، ئاۋايلا دەپ ئاگاھلاندۇراتتى، لېكىن بۇ گەپ بوكسېرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.
بوكسېر دائىم دەيدىغان «تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيمەن»، «ناپالېئوننىڭ مەڭگۈ توغرا» دېگەن ئىككى ئېغىز گەپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەممە مەسىلىلەرگە مۇۋاپىق كېلەتتى. بوكسېر خوراز بىلەن يېڭىدىن كېلىشىپ ، ئۇنىڭدىن ئەسلىدە يېرىم سائەت بالدۇر ئويغىتىپ قويغان بولسا، يەنە چارەك ۋاقىتنى قوشۇپ، 45 مىنۇت بالدۇر ئويغىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا، تاشلىقتا ئۆزى يالغۇز بېرىپ، پارچىلانغان تاشلارنى هارۋىغا بېسىپ، چاقپەلەك قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقان يەرگە ئاپىراتتى.

جاپالىق ئىشلىگەن بولسىمۇ، ھايۋانلار يازنى يامان ئەمەس ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن ئاشلىق نورمىسىنى جونېس دەۋرىدىكىدىن كۆپ دېگىلى بولمىسىمۇ، ئازمۇ ئەمەس ئىدى. جونېس ئائىلىسىدىكى بەش تەييار تاپنى بېقىشتىن خالاس بولۇپ، ئۆزلىرىنىلا قامدىسا بولىدىغان بۇ ئەۋزەللىك ئۇلارنى خېلى يەڭگىللىتىپ قويغانىدى. نۇرغۇن تەرەپلەردە ھايۋانلارنىڭ ئەمگىكى ئۇنۇملۇك ھەم تېجەشلىك ئىدى. مەسىلەن، ئوت ئوتايدىغان ئىشلاردا ھايۋانلار ئىنسانلار دورىيالمايدىغان دەرىجىدە قالتىس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھايۋانلاردا ئوغرىلىق قىلمىشلىرى بولمىغاچقا، ئوتلاق بىلەن تېرىلغۇ يەرنى ئايرىپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى، قاشا ۋە ئىشىكلەرگە كېتىدىغان ئەمگەكمۇ قىسقارغانىدى. بىراق، يازنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان كەم ـ كۈتسىلار ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. قورۇقتا لازىم بولىدىغان كىرسىن، مىخ، ئارغامچا، ئىت يەيدىغان پېچىنە، تاقا دېگەندەك نەرسىلەر ـ

نى قورۇقتا ئىشلەپ چىققىلى بولمايتتى. يەنە ئۇرۇقلۇق، ئو-
غۇت، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە چاقپەلەك قۇ-
رۇلۇشىغا كېتىدىغان ئەسلىھەلەرگە قانداق ئېرىشكىلى بول-
دىغانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.
بىر يەكشەنبە چۈشتىن بۇرۇن ھايۋانلار يىغىلىپ، بىر-
لىكتە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. ناپالېئون بىر تۈرلۈك يېڭى سىد-
ياسەتنى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن كې-
يىن، ھايۋانلار قورۇقى قوشنا قورۇقلار بىلەن پايدا ئۈچۈن ئە-
مەس، بەلكى، زۆرۈر نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىم-
بېرىم قىلىسا بولىدۇ، چاقپەلەك قۇرۇلۇشى ھەممىدىن ئۈستۈن
تۇرىدۇ، دېدى ئۇ. ئۇ يەنە بىر قىسىم قۇرۇق يەم- خەشەك ۋە
شۇ يىللىق بىر بۆلۈك بۇغدايلارنى ساتماقچى ئىكەنلىكى، يەنە
پۇل كەملىسە تۇخۇم سېتىپ تولۇقلايدىغانلىقى، تۇخۇم دېگەن
بۇ نەرسىنىڭ ۋىلىلىڭتوندا ئىنتايىن بازارلىق ئىكەنلىكىنى،
چاقپەلەك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن مېكىيانلارنىڭ
خۇشاللىق بىلەن بەدەل تۆلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.
ھايۋانلار قانداقتۇر بىر بىئاراملىقنى يەنە بىر نۆۋەت
ھېس قىلدى. ئىنسانلار بىلەن مەڭگۇ باردى- كەلدى قىل-
ماسلىق، پۇل ئىشلەتمەسلىك دېگەن بىرقانچە ماددىلار جو-
نېسلار قوغلاندى بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى كېڭەشتە ما-
قۇللانغان قارار ئەمەسمىدى؟ بۇ قارارلارنىڭ ماقۇللىنىش
ئەھۋالىنى تېخى ھېچكىم ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، ئۇلارمۇ بۇنى
ئۇنتۇپ قالدۇق، دەپ ئويلىمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا ناپالېئون
كېڭەشنى ئەبەدىي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەندە قارشىلىق
كۆرسەتكەن ھېلىقى تۆت چوشقا يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى
بولدى - يۇ، يېنىدىكى ياۋۇز ئىتلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قور-
قۇپ، جىم بولدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قويلار توپى «تۆت پۇت-
لۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دەپ مەرىشىپ،

www.uyghurkitap.com

بىردەملىك ئوسال كەيپىياتنى ياپتى. ناپالېئون ئالدى پۇتىنىڭ بىرىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا ئىشارەت قىلدى، ئاندىن ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىدى، دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ دېدىكى، ھەرقانداق ھايۋان ئىنسانلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ئىبارەت ھېچكىم خالىمايدىغان بۇ ئىشنى قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئېغىر ئىشنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، ۋىللىڭتوندا تۇرىدىغان ۋىمپېر ئىسىملىك بىر ئادۋوكات بىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدە ۋاسىتىچى بولىدىغان بولدى، ئۇ ھەر دۈشەنبە چۈشتىن بۇرۇن قورۇقىمىزغا كېلىپ، بۇيرۇق قوبۇل قىلىدۇ. ناپالېئون سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، «ھايۋانلار قورۇقى ياشىسۇن» دەپ توۋلىدى. ھايۋانلار «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خورنى ئېيتىپ يىغىندىن قايتىشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، سىكالېر قورۇقنى ئارىلاپ چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى. سودا قىلماسلىق، پۇل ئىشلەتمەسلىك دېگەندەك قارارلار ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان، ئۇنداق قارارلارنى ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان، تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇ سىنوۋبول تارقاتقان ئەپسانە، دېدى ئۇ ھايۋانلارغا. بەزى ھايۋانلار سىكالېرنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى، بۇنى سېزىپ يەتكەن سىكالېر مەككارلىق بىلەن: «يولداشلار، ئەجەبا سىلەر شۇ ئىشلارنىڭ رېئاللىقتا يۈز بەرگەنلىكىگە جەزم قىلالامسىلەر، شۇ قارار ھەققىدىكى بىرەر ھۆججەت قولۇڭلاردا بارمۇ؟ يازما پاكىت بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ھايۋانلارنىڭ قولىدا ئۇنداق پاكىتلار ھەقىقەتەن يوق بولغاچقا، ئۇلار بىز خاتالىشىپتىمىز، دەپ تونۇدى.

پۈتۈشۈم بويىچە ۋىمپېر ئەپەندى ھەر دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قورۇققا كىرىپ تۇردى. ئۇ قۇۋ چىراي، پا-

كار، ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنىڭ
تاپاۋىتى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئەمما، ئۇ ھايۋانلار قورۇقىنىڭ
بىرەر ۋاستىچىغا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى ھەم بۇ
ئىشتىن خېلى نەپ ئۇندۇرەلەيدىغانلىقىنى باشقىلاردىن
ئاۋۋال ھېس قىلىپ يەتكۈدەك پاراسەتكە ئىگە ئىدى.
ھايۋانلار ئۇنىڭ كېتىپ ـ كېلىشلىرىنى بىر نەرسىدىن ئەن-
سىرىگەن قىياپەتتە كۆزىتەتتى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قا-
چۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھايۋانلار تۆت پۇتلۇق ناپالېئون-
نىڭ ئىككى پۇتلۇق ۋىمپېرگە بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، كۆڭلى-
دە پەيدا بولغان ئېپتىخاردىن يېڭى يۇرگۇزۇلۇۋاتقان چارد-
لەرگە بولغان قارشىلىقى بوشايتتى. ھازىر ھايۋانلار بىلەن
ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىسىغا ئانچە ئوخشاپ كەت-
مەيتتى. ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار قورۇقىغا بولغان ئۆچمەنلى-
كى قورۇقنىڭ گۈللىنىشى سەۋەبلىك بوشاپ قالمىدى، ئەك-
سىچە، ئىنسانلار بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئۆچمەنلىك بىلەن
قارايتتى. ئىنسانلار بۇ قورۇق ھامان ۋەيران بولىدۇ، چاقپە-
لەك قۇرۇلۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا گەپ يوق، دەپ ئىشى-
نەتتى. كىشىلەر قاۋاقخانىلاردا يۇز كۆرۈشكەنلىرىدە، قوللى-
رى بىلەن سىزىشىپ تۇرۇپ، چاقپەلەكنىڭ چاتاق بولىدىغان-
لىقىنى، ئۇ پۈتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پىرقىرىمايدىغانلىقى-
نى دەلىللىشەتتى. ئەمما، ھايۋانلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئې-
لىپ بېرىشىغا قارىتا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىگە
يات ھالدا قايىل بولماي تۇرالمايتتى. بۇ جەھەتتىكى بىر بې-
شارەت شۇكى، ئىنسانلار ھايۋانلار قورۇقىدا گەپ ئاچقاندا،
قەستەن قورۇق دەپ يۇرمەي، ھايۋانلار قورۇقىنىڭ مەمۇرىي
نامىنى رەسمىي ئىشلىتىدىغان بولغانىدى. ئىنسانلار جونېس-
قا بولغان مەيدانىدىن ۋاز كەچتى، جونېسمۇ قورۇقنى قايتۇ-
رۇۋېلىش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر يۇرتقا كۆچۈپ

www.uyghurkitap.com



كەتتى. ۋىمپېرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھايۋانلار قورۇقىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى.

ئەمما، ناپالېئون تۇلكە جاڭگالدىكى پىلكىڭتون ئەپەندى ياكى توقماقلىقتىكى فرېدېرىك ئەپەندى بىلەن ئايرىم ۋاقىت-تا سودا كېلىشىمى تۈزەرمىش دېگەندەك گەپلەر ھايۋانلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنلەردە چوشقىلار قورۇق خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپ، ئۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ تۇالغۇسى قىلىۋې-لىشتى. ھايۋانلار بۇرۇنقى قارار‌دا بۇنداق قىلمىشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىرىگە ئېلىشتى، سىكالىېر مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس، دەپ كۆپچىلىكنى ئىشەندۈرۈشكە يەنە ئۇل-گۈردى. ئۇ: «قورۇق رەھبىرى بولغان چوشقىلارنىڭ ئاراما-خۇدا خىزمەت ئۆيىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. قوتاندا تۇ-رۇش داھىينىڭ سالاپىتىگە ماس كەلمەيدۇ (سىكالىېر يېقىن-دىن بېرى ناپالېئوننى تىلغا ئالغاندا ‹داھىي› دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدىغان بولغانىدى)» دېدى. گەپ شۇنداق ئېيتىلسىمۇ، ھايۋانلارنىڭ كاللىسى يەنىلا مۇجمەل ئىدى، چۈنكى، ئۇلار چوشقىلارنىڭ ئاشخانىدا تاماق يەپلا قالماي، مېھمانخانىنى كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى قىلىپ، كارىۋاتتا ئۇخلاي-دىغانلىقىنى ئاڭلىدى. بوكسېر بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن «ناپا-لېئوننىڭ دائىم توغرا» دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى.كلو-ۋېر بولسا مىزاندا كارىۋاتتا ئۇخلىماسلىق كېرەك دېگەن مەزمۇننىڭ بارلىقىنى ئويلاپ، «يەتتە مىزان» يېزىپ قويۇلغان تامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتىشكە تىرىشتى. بىراق، ئۇ بىرقانچە ھەرپنى تونۇپلا، قالغىنىنى ئوقۇيالمى-دى، شۇنىڭ بىلەن ئۆچكە موربلنى تېپىپ كەلدى.

— موربېل، — دېدى ئۇ، — تۆتىنچى مىزاننى ئوقۇپ بەرگىنە، ئۇنىڭدا كارىۋاتتا ئۇخلىماسلىق كېرەك، دەپ گەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

بارمىكەن ــ قانداق؟

مورېل خەتلەرنى قىيىنىلىپ تەستە ئوقۇدى:

ــ ئۇ يەردە «هايۋانلار كارىۋاتىتىكى كىرلىكلەردە ئۇخلاشقا بولمايدۇ» دەپ يېزىلىپتۇ، ــ دېدى ئۇ ئاخىرى.

غەلىتە ئىش، كلوۋېر، تۆتىنچى مىزاندا كىرلىكنىڭ گېپى يوق بولىدىغان، لېكىن، تامدا ئۇ گەپ تۇرۇپتۇ، مىزان ئەسلى شۇنداق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، سىكالېر ئۇچ ئىتنى يېتىلەپ بۇ يەردىن ئۆتتى، ئۇ- نىڭ مەسىلىنى توغرا يۆنىلىشتە تۇرۇپ كۆزىتىش قابىلىيە- تى يېتەرلىك ئىدى.

ــ يولداشلار، قارىغاندا، ــ دېدى ئۇ، ــ سىلەر بىز چوشقىلارنىڭ خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلىغىنى- مىزنى ئاڭلىدىڭلار، شۇنداقمۇ؟ ئۇخلىساق نېمىشقا بولمىغۇ- دەك؟ سىلەر كارىۋاتتا ئۇخلاش مەنئى قىلىنىدىغان مىزانلار بارغۇ دېمەكچىمۇ؟ كارىۋات دېگەن ئۇخلايدىغان يەرغۇ. توغرا نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، قوتاندىكى بىر دۆۋە پاخالمۇ كارىۋاتتۇر. بىز دەۋاتقان چەكلەش مىزانى كىرلىككە قارىتىل- لىدۇ، چۈنكى، كىرلىك ئىنسانلارنىڭ كەشپىياتى. كىرلىكنى بىز خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى كارىۋاتتىن ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، ئىككى ئەديالنىڭ قېتىدا ئۇخلاۋاتىمىز. قالتىس راھەت! ئويلاپ بېقىڭلار، يولداشلار، كۆز ئالدىمىزدىكى باش قاتىدىغان شۇنچە كۆپ ئىشلارنى بىز قىلىمىز، ئۇ جاپالارنىڭ ئالدىدا كارىۋاتتىكى راھەت قانچىلىك ئىشتى؟ يولداشلار، بىزنىڭ ئىستىراھەت ھوقۇقىمىزغا چېقىلغۇڭلار يوقتۇر؟ بىزنى چارچاپ كېتىپ، ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسۇن دەۋاتمايدىغانسىلەر؟ ئاراڭلاردا جونېسنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالايدىغانلار يوقتۇر؟

ھايۋانلار بۇ مەسىلىدە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، خا-

تىرجەم بولغايلا، دىيىشتى، ئۇلار چوشقىلارنىڭ كارىۋاتتا
ئۇخلىشى توغرىلىق ئەپقاچتى گەپلەرنى قايتا دىمەيدىغان بو -
لۇشتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن، باش ئىشتاب بۇ -
گۈندىن ئىتىبارەن چوشقىلار باشقىلاردىن بىر سائەت كىيىن
ئورنىدىن تۇرىدۇ، دەپ ئىلان قىلدى، ئۇقتۇرۇش چۈشكەندە،
غۇدۇرايدىغانلاردىن ھىچكىم چىقمىدى.
كۈز كەلگەندە، ھايۋانلار ھارغىن بولسىمۇ، لىكىن شا -
دىمان ئىدى. ئۇلار جاپا - مۇشەققەتلىك بىر يىلنى بىسىپ
ئۆتتى، ئۇلار بىر قىسىم ئوت - چۆپ ۋە ئاشلىقلىرىنى سىي -
تىۋەتكەندىن كىيىن، بەكمۇ مول دەپ كەتكىلى بولمايدىغان
قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈك قىلىپ قالدى. ناۋادا كەم - كۈسا
بار بولسا، بۇنى تولۇقلايدىغان چاقپەلەك بار ئىدى. ۋاھالەن -
كى، چاقپەلەك قۇرۇلۇشىمۇ يىرىم مۇساپىنى تامامالاپ بولغا -
نىدى. ئورمىدىن كىيىن، خىلى مەزگىلگىچە ھاۋا ئوچۇق ۋە
قۇرغاق بولدى، ھايۋانلار تىخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىدى، ئۇلار
كۈنبويى يوغان - يوغان تاشلارنى سۆرەپ چىپىپ يۈرۈپ
ئىشلىسەك ئەرزىيدۇ، دىيىشەتتى، چاقپەلەك ئىنشائاتى
شۇنداق ئىشلىگەندىلا ئىگىزلەپ باراتتى. بوكسىر كىچىلىرى
قوپۇپ، ئايدىڭدا بىرەر - ئىككى سائەت ئىشلەيتتى. ھايۋانلار
قىممەتلىك دەم ئىلىش ۋاقىتلىرىدا يىرىم پۈتكەن چاقپەلەك
ئىنشائاتىنىڭ ئەتراپىدا دەۋر قىلىپ، مۇستەھكەم، تۈز سۇپا
تىمىدىن زوقلىناتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق كاتتا قۇرۇ -
لۇشلارنى ئىلىپ بارغۇدەك قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىدىن لال
بولاتتى. پەقەت ئىشەك بىنيامىننىڭلا چاقپەلەك بىلەن كال -
لىسى قىزىپ كەتمەيتتى، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا «ئىشەكلەرنىڭ
ئۆمرى بەك ئۇزۇن» دىگەندەك سىرلىق گەپلەرنى قىلىپ قو -
يۇپ، جىم يۈرەتتى.
نويابىر كىلىپ، غەربىي جەنۇب شامىلى كۈچىيىشكە

باشلىدى. قۇرۇلۇش توختىدى، چۈنكى، يامغۇرلۇق ھاۋا سىبمونتلارنىڭ قېتىشىغا زىيانلىق ئىدى. ناچار ھاۋا بارغانسېرى ئەدەپ، بىر كېچىسى قارا بورانغا ئايلاندى ـ دە، قورۇقنىڭ تۇرالغۇ رايوندىكى ئۆيلەرنىڭ ئۈلىمۇ تەۋرەپ كەتتى، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئۆگزىسىدىن كاھىشلار ئۇچۇپ كەتتى. مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۈش كۆرۈۋاتقان مېكىيانلار چۆچۈگىنىدىن قاقاقلاشتى. ئەتىگىنى ھايۋانلار قوتانلىرىدىن چىقىپ، بايراق خادىسىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكىنى، باغنىڭ تۆت تەرىپىدىكى قارىياغاچ دەرىخىنىڭ يۇلۇپ تاشلىۋەتكەن تۇرۇپتەك ياتقانلىقىنى كۆرۈشتى. شۇ ھامان ھايۋانلار ئېچىنىشلىق ئۈن سېلىشتى. چۈنكى، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ياتاتتى: چاقپەلەك قۇرۇلۇشى خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ھايۋانلار ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشتى. ھېچ ئىشقا ئالدىرىمايدىغان ناپالېئون ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈردى. شۇنداق، جاپالىق ئەجرىنىڭ مېۋىسى تۈزلىنىپ ياتاتتى، ئۇلار شۇنچە كۈلپەت بىلەن پارچىلاپ ئەكەلگەن تاشلار چېچىلىپ تۇراتتى. ھايۋانلار باشتا نېمە دېيىشىنى ئۇقالمىدى، ئۇلار دۈۋىلىنىپ ياتقان تاشلارغا ئەلەم بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى، ناپالېئون گەپ ـ سۆزسىز ھالدا ئۇياق ـ بۇياقلارغا ماڭاتتى ۋە يەرنى پات ـ پات پۇراپ قوياتتى. ئۇنىڭ قاتقان قۇيرۇقى گويا پېيى تارتىشىپ قالغاندەك سىلكىنەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ روھىدىكى جىددىيلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ جايىدا تاققىدە توختىدى ـ دە، دىققىتىنى مۇجەسسەملىدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ نېمىنىدۇر ئويلانغاندەك، — سىلەر بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ يېرىم كېچىدە كېلىپ چاقپەلىكىمىزنى كىمنىڭ ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى

بىلەمسىلەر؟ ئۇ دەل سىنوۋبول! — ناپالېئون چاقماقتەك سۈرەن سالدى، — بۇ ئىشنى سىنوۋبول قىلدى! بۇ خائىن بىزنىڭ پىلانىمىزنى رەزىل مەقسەت بىلەن كەينىگە سۆرەپ، سۈرگۈن بولغىنى ئۈچۈن قىساس ئالماقچى بولغان، ئۇ كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، بىزنىڭ بىر يىللىق ئەمگىكىمىزنى ۋەيران قىلدى. يولداشلار، مەن سىنوۋبولنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن، ئاراڭلاردىن كىم ئۇنى ئۆلتۈرسە: «ئىككىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» ئوردېنى ۋە ئون سەككىز جىڭ ئالما بىلەن تارتۇقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى تىرىك تۇتساڭلار 36 جىڭ ئالما بىلەن مۇكاپاتلىنىسىلەر!

ھايۋانلار سىنوۋبولنىڭ مۇشۇنداق چوڭ گۇناھنى قىلغىنىدىن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە چۆچۈپ كېتىشتى. ھايۋانلار غەزەپتىن ھۆركىرەشتى، ئەگەر سىنوۋبول قاپ يۈرەكلىك قىلىپ بۇ يەرگە ئاياغ باسسا، ئۇنى قانداق تۇتۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاشتى. بەلكىم، بىرەر مىنۇتمۇ ئۆتمىگەندۇ، دۆڭگە يېقىن بىر ئوتلاقتىن چوشقا ئىزى بايقالدى، ئىز بويلاپ مېڭىش ئارقىلىق بۇ ئىزنىڭ قاشانىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئايان بولدى. ناپالېئون بۇ ئىزلارنى ئوبدان پۇرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىنوۋبولنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭ ھۆكمىچە، سىنوۋبول تۈلكە جاڭگال قورۇقىدىن كەپتۇمىش.

— كېچىكسەك بولمايدۇ، يولداشلار! — دېدى ناپالېئون ئىزلارنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا، — خىزمەتلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. چاقپەلەكنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى بۈگۈنلا باشلىشىمىز لازىم. بىز پۈتۈن قىشتا قار - شىۋىرغانلارغا قارىماي ئىشلىمىسەك بولمايدۇ. بىزنىڭ قان - تەرىمىزنى ۋەيران قىلىشنىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكىنى ئۇ

www.uyghurkitap.com

مۇناپىققا بىلدۈرۈپ قويايلى. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، يولداشلار، بىزنىڭ پىلانىمىز ئۆزگەرمەيدۇ، چاقپەلەكنى بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە پۈتكۈزىمىز. ئالغا، يولداشلار! چاقپەلەك ياشىسۇن! ھايۋانلار قورۇقى ياشىسۇن!

# يەتتىنچى باب

قەھرىتان قىش، بوران ـ چاپقۇنلۇق ھاۋا قار ئارىلاش يامغۇر ۋە قارغا ئالمىشىپ، يەر ـ جاھان مۇزلاپ كەتتى، بۇنداق ھاۋا تاكى فېۋرالنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە داۋاملاشتى. ھايۋانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپ، چاقپەلەكنى قايتا قۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزلىرىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، چاقپەلەك قۇرۇلۇشى ئۆز ۋاقتىدا پۈتمىسە، تاماشا كۆرۈۋاتقان ئىنسانلار ئۆز غەلىبىسىنى كۆرەڭلەرچە تەنتەنە قىلماي قالمايتتى.

ئىنسانلار چاقپەلەكنى سىنوۋبولنىڭ بۇزۇۋەتكەنلىكىگە



www.uyghurkitap.com

ئەتەي ئىشەنمەيتتى. ئىنسانلار چاقپەلەك ئىنشائاتى ئۇلىنىڭ
ئاجىزلىقىدىن غۇلاپ چۈشكەن، دېيىشەتتى. ھايۋانلار سەۋەب
ئۇنىڭدا ئەمەس، دەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۇلنى بۇ-
رۇنقىدەك بىر يېرىم ئىنگلىز چىسى قېلىنلىقتا ئەمەس،
بەلكى، ئۈچ ئىنگلىز چىسى قېلىنلىقتا قۇرۇپ چىقماقچى
بولۇشتى. بۇ، نۆۋەتتىكى قايتا قۇرۇشقا بۇرۇنقىدىن نەچچە
ھەسسە ئارتۇق تاشنىڭ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
تاش مەيدانىنى خېلى ئۇزۇن مەزگىل قار قاپلاپ تۇرغاچقا،
ھېچ ئىش قىلغىلى بولمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇق
سوغۇق كۈنلەردە ئىشلار ئازراق يۈرۈشكەندەك قىلسىمۇ، نا-
ھايىتى جاپالىق بولدى. ھايۋانلار بۇرۇنقىدەك ئۈمىدۋار ئە-
مەس ئىدى. ئۇلار ئاچلىقتا توڭلاپ يۈردى. پەقەت بوكسېر
بىلەن كلوۋېر ئىشەنچىنى يوقاتمىغانىدى. سىكالىپر ئۆزىنى
بېغىشلاشنىڭ لەززىتى ۋە ئەمگەكنىڭ مۇقەددەسلىكى ھەق-
قىدە كۆپ قېتىم ئېسىل نۇتۇق سۆزلىدى. بىراق، ھايۋانلار-
غا بەكرەك ئىلھام بولغىنى بوكسېرنىڭ خورىماس كۈچ –
قۇۋۋىتى بىلەن ئۇنىڭ «تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەيمەن» دېگەن
كىشنەشلىرى بولدى.

ئاشلىق يانۋاردىلا ئۆكسۈپ قالغىلى تۇردى. بېرىلىدىغان
ئاشلىق نورمىسىمۇ زور مىقداردا قىسقىراپ، قورۇق دائىرد-
لىرى بەرەڭگىنى تولۇقلىما قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان
قىلدى. بىراق، بەرەڭگىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئورىدا يېتەرلىك
ئىسسىقتا ساقلانمىغانلىقتىن، توڭلاپ سېسىپ كەتكەنىدى.
ھايۋانلار ئۇدا بىرنەچچە كۈن كېپەك بىلەن قىزىلچىلا يېدى.
قارىغاندا، ئاچارچىلىق ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

بۇ ئەھۋاللارنى سىرتقى دۇنيادىن يوشۇرۇش ھاياتلىق-
تىنىمۇ مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى. چاقپەلەك ئىنشائاتىنىڭ
گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشى ئىنسانلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرگەن-

ـدەك بولدى، ئۇلار ھايۋانلار قورۇقى ھەققىدە تۇرلۇك ئۆسەكـ
لەرنى ياساپ چىقىشقا باشلىدى. تاشقى دۇنيادا ھايۋانلار ئاچـ
لىق ۋە كېسەللىكتىن قىرىلىپ كېتىۋېتىپتۇ، ئۇلار بىر ـ
بىرى بىلەن نىزالىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ گۆشىنى يەپ، باـ
لىلىرىنى خامتالاش قىلىدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ، دېگەندەك
ئىغۋالار ئېقىپ يۈردى. ناپالېئون ئەگەر ئاشلىققا ئائىت ھەـ
قىقىي ئەھۋال ئاشكارىلىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ
ناھايىتى يامان بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا،
ئۇ ۋىمپېر ئەپەندى ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە
بولغان بىر تەشۋىقاتنى يايماقچى بولدى. ھازىرغا قەدەر ۋىمـ
پېر كەلگەندە ھايۋانلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئىشلار ئاساسەن
بولۇپ باقمىغانىدى. ئەمدىلىكتە، ئاز ساندىكى بىر قىسىم
ھايۋانلار — ئۇلارنىڭ كۆپى قويلاردىن ئىدى — ئۇنىڭ بىلەن
بىۋاسىتە كۆرۈشىمىسمۇ چاندۇرماي تۇرۇپ ئاشلىقنىڭ ئېـ
شىۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا
تاللاندى. ناپالېئون يەم ـ خەشەك ئامبىرىدىكى قۇرۇق
كاتلارغا قۇم قاچىلاپ، ئۈستىگە ئاشلىق يېپىپ قويۇشنى
تاپىلىدى. مۇۋاپىق باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ۋىمپېر ئەپەندى
يەم ـ خەشەك ئامبىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدۇرۇلدى ۋە
كاتلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى. ئۇ ئالدانـدى ـ
دە، سىرتقى دۇنياغا ھايۋانلار قورۇقىدا ئاشلىق كەم ئەمەسكەن
دېگەنلەرنى تارقاتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە
ئازراق ئاشلىق تېپىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بۇ كۈنلەردە
ناپالېئون ئاما ئالدىدا ئانچە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇنىڭ ۋاقتى خوجايىنىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيىدە (قورۇق سارىـ
يى) ئۆتىدىغان بولدى، ھەربىر ئىشىكنى نەچچىلەپ سۈرلۈك
ئىتلار بېقىپ ياتاتتى. ئۇ كۆپچىلىك ئالدىدا پەيدا بولغاندا،

ئالته ئىتتىن تەشكىل تاپقان قوغداش ئەترىتى ئۇنى ئوراپ ماڭاتتى، كىم يېقىنلاشسا، ئۇلار ۋەھشىيلىك بىلەن قاۋايتتى. ناپالېئون يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇنمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولۇۋالدى، بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە توغرا كەلسە بىرەر چوشقا ــ كۆپىنچە سكالېر ئارقىلىق چۈشۈرىدىغان بولدى.

مەلۇم بىر يەكشەنبە چۈشتىن بۇرۇن سكالېر مېكىيانلار (تۇخۇم تۇغۇشقا تەييارلانغان)غا بارلىق تۇخۇملارنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. ناپالېئون ۋىمپېر ئارقىلىق ھەپتىسىگە تۆت يۈز تۇخۇملۇق سودىنىڭ توختامىنى تۈزگەنىدى. ئۇ بۇنىڭ پۇلىغا يازغىچە يەتكۈدەك ئاشلىق سېتىۋالماقچى بولدى، ئۇلار يازغا ئۇلىشىۋالسا، كېيىنكى ئەھۋاللار ياخشى بولۇپ كېتەتتى.

بۇ قارارنى ئاڭلىغان مېكىيانلار ئەندىككىنىدىن قوقۇقلاپ كېتىشتى. ئۇلارغا بۇنداق قۇربان بېرىش ھەققىدە ئىدىيەۋى خىزمەتلەر خېلى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ راست بولۇپ چىقىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز كاتەكلىرىدە تۇخۇم بېسىپ، چۈجە چىقىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاچقا، تۇشمۇ تۇشتىن قارشىلىق بىلدۈرۈشتى، ئۇلار مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇخۇملارنى ئېلىپ كېتىش قىرغىنچىلىق، دېيىشتى. جونېسلار ھەيدىۋېتىلگەندىن بۇيانقى ئىسيانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىش مۇشۇ بولسا كېرەك. مېكىيانلار ياشقىنا ئۈچ مىنوركا قارا توخۇسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناپالېئوننىڭ ئارزۇسىغا قارشى چىقىپ، قونداققا چىقىپ تۇخۇم تۇغدى ــ دە، تۇخۇملار يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. ناپالېئون بۇ ھەرىكەتكە قارىتا شۇ ھامان رەھىمسىز چارە قوللاندى. ئۇ مېكىيانلارغا بېرىلىدىغان نورمىلىق دان توختىتىلسۇن، كىم ئۇلارغا بىرەر تال دان بەرسە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقنى

ئىجرا قىلىشقا قوغداش ئەترىتىدىكى ئاپشاركىلار مەسئۇل قىلىندى. مېكسىيانلار ئۆزلىرىنىڭ قارشىلىقىنى بەش كۈن داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى تەسلىم بولدى ۋە كاتەكلىرىگە قايـ- تىشتى. قارشىلىق داۋامىدا جەمئىي توققۇز مېكسىيان ئۆلۈپ، ئۇلار باغقا كۆمۈۋېتىلدى. تەشۋىقاتتا، ئۇلار شارچە قۇرت كېسىلى بىلەن ئۆلدى، دېيىلدى. ۋىمپېر بۇ ئىشلاردىن خەـ- ۋەرسىز ئىدى، ئۇ تۇخۇملارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋالدى، ئۇستى يېپىق بىر كۆكتات ماشىنىسى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كېـ- لىپ، تۇخۇملارنى يىغىپ كېتەتتى.

بۇ ئارىدا سىنوۋبولنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى تۈلكە جاڭگال ۋە توقماقلىق دېگەندەك قوشنا قورۇقلارنىڭ بىرىدە تۇرۇۋاتقانمىش دېگەندەك مىش - مىش گەپلەر تارقىـ- لىپ يۈرەتتى. ناپالېئوننىڭ باشقا قورۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نىسبەتەن ياخشىلىنىپ بارماقتا ئىدى. قورۇقتا بىر دۆۋە ياغاچ بولۇپ، بۇ ئون يىل ئاۋۋال بىر پارچە بۈك ئورماننى رەتلىگەندە كېسىپ قويۇلغانىدى، شۇ تاپتا بۇ ياـ- غاچلار قۇرۇپ، تەييار بولۇپ قالغانىدى. ۋىمپېر ناپالېئونغا ئۇ ياغاچلارنى سېتىۋېتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى، پىلكىڭـ- تون ئەپەندى ۋە فرېدېرىك ئەپەندىلەرنىڭ ئۇ ياغاچلارنى ئالـ- غۇسى بارمىش. ناپالېئون بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېـ- نەپ، بىر قارارغا كېلەلمەيتتى. ئۇ فرېدېرىك بىلەن كېلىـ- شەي دېسە، سىنوۋبول تۈلكە جاڭگالغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ دېگەن گەپلەر بولاتتى، ناۋادا ئۇ پىلكىڭتون بىلەن كېلىشەي دېسە، سىنوۋبولنىڭ توقماقلىقتا بارلىقى توغرىسىدا مىش - مىش گەپلەر تارقىلاتتى.

باش ئەتىيازدا، سىنوۋبول كېچىلەردە قورۇققا كىرىدىـ- كەن دېگەندەك ئەنسىز گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھايۋانلار ئەنسىرەپ، قوتانلىرىدا ياخشى ئۇخلىيالمىدى. ئېيتىلىشىـ-

www.uyghurkitap.com

چە، تۇن قاراڭغۇسىدا سوقۇنۇپ كىرىپ ئاشلىقلارنى يەۋې-
لىش، سۈت چېلەكلىرىنى ئۆرۈۋېتىش، تۇخۇملارنى چېقىۋې-
تىش، مايسىلارنى چەيلىۋېتىش، دەرەخلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى
سويۇۋېتىش قاتارلىق بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلارمىش. قانداقلا
بىر ئىش يۈز بەرمىسۇن ئۇنى سىنوۋبولغا ئارتىپ قويۇش
بىر تۈرلۈك تەرتىپكە ئايلىنىپ قالدى. ناۋادا دېرىزىنىڭ
ئەينىكى چېقىلىپ كەتسە ياكى ئەۋرەز يوللىرى توسۇلۇپ
قالسا، سىنوۋبول كېچىدە كېلىپ بۇزغان دېيىلەتتى. ئەگەر
يەم - خەشەك ئامبىرىنىڭ ئاچقۇچى يوقاپ كەتسە، ئاۋام
خەلق ئۇنى سىنوۋبول قۇدۇققا تاشلىۋەتتى دەپ بىلەتتى،
ناۋادا ئۇ ئاچقۇچ باشقا بىر يەردىن تېپىلىپ قالسا، كۆپچى-
لىك سىنوۋبول ئەكېلىپ تاشلاپ قويدى، دەپ ئىشىنەتتى،
بۇ راستتىنلا غەلىتە ئىش ئىدى. ئىنەكلەر بىردەك ھالدا
سىنوۋبول يېرىم كېچىدە كېلىپ ئوغلاپ قالغىنىمىزدىن
پايدىلىنىپ سۈتىمىزنى سېغىۋاپتۇ دېيىشتى. ئاشۇ قىشتا
تولۇم چاشقانلار ئەدەپ كەتكەنىدى، ئېيتىلىشىچە، ئۇلارمۇ
سىنوۋبولنىڭ شېرىكلىرىمىش.

ناپالېئون سىنوۋبولنىڭ ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك
تەكشۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ بىرنەچچە ئايشاركى-
نىڭ ھىمايىسىدا قورۇق تۇرالغۇسىنى تەپسىلىي ئارىلاپ
چىقماقچى بولدى، باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭدىن تەپ تارتىپ،
كەينىدىن ئارىلىق ساقلاپ ماڭدى. ناپالېئون نەچچە قەدەمدە
بىر سىنوۋبولنىڭ ئىزىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن
يەرنى پۇراپ چىقاتتى، ئۇ ئۇنىڭ ئىزىنى پۇراپلا بىلەلەيمەن،
دەيتتى. ئۇ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقنى ئىمىسقىلاپ چىقتى،
ئاشلىق ئامبىرى، قوتان، كاتەك، كۆكتاتلىق قاتارلىق يەر-
لەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك سىنوۋبولنىڭ ئىزىنى بايقى-
غاندەك بولدى. ئۇ تۇمشۇقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، ئۇزاق پۇرى-

ۋېتىپ، ۋەھىمىلىك ئاۋاز بىلەن: «سىنوۋبول! ئۇ بۇ يەرگە كەپتىكەن ـ دە، مەن ئۇنىڭ پۇرىقىنى ئېنىق بىلىمەن!» دەپ توۋلىدى. ئاپشاركىلار «سىنوۋبول» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇيۇۋالغان قاندەك ئېغىزلىرىنى ئېچىپ، نەشتەردەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، دەھشەتلىك قاۋىدى.

ھايۋانلار قورقىنىدىن تىترەپ كېتىشتى. سىنوۋبول گويا شەكىلسىز بىر تەسىرگە ئايلىنىپ، ئەتراپتىكى ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ھەرخىل خەۋپلەر بىلەن كۆپچىلىكنى ئارامسىزلاندۇرۇپ تۇراتتى، كەچقۇرۇن سىكالېر كۆپچىلىكنى يىغىپ، چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، مۇھىم بىر خەۋەر بارلىقىدىن بېشارەت بەردى.

— يولداشلار! — دېدى سىكالېر سەپرالىق بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، — ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى بايقىدۇقكى، سىنوۋبول فرېدېرىك دېگەن ئادەمگە ياللىنىپتۇمىش، بۇ ئادەم سۇيىقەست پىلانلاپ، قورۇقنى تارتىۋېلىشنى ھازىرمۇ توختاتقىنى يوق. بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئىش بولسا، ئۇ يول باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇنىڭدىنمۇ يامان بىر تەرىپى بار. بىز سىنوۋبول شۆھرەتپەرەس ۋە كۆرەڭ بولغاچقا، ئىسيان قىلىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمىز. يولداشلار، بىز چوتنى خاتا سوققانىكەنمىز. سىلەر ئۇنىڭ ئىسيان قىلىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلىشنى خالامسىلەر؟ سىنوۋبول سېپى ئۆزىدىنلا جونېس بىلەن بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى بولۇپ، جونېس ئارىمىزغا سېلىپ قويغان ئىشپىيون ئىكەن. بۇلارنى بىز ئۇ ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بەزىبىر ھۆججەتلەردىن بايقىدۇق. بۇ ھۆججەتلەر نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىنوۋبول قوتان ئۇرۇشىدا بىزنى تۈگەشتۈرۈش ئۈچۈن قايسى شۇملۇقلارنى قىلمىدى؟ بۇنى بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇققۇ؟ بەختىمىزگە يارىشا، ئۇنىڭ

قەستى ئىشقا ئاشمىدى.

ھايۋانلار تېگىرقاپ قېلىشتى. سىنوۋبولنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرى ئۇنىڭ چاقپەلەكنى بۇزۇۋەتكىنىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە رەزىل ئىدى. بىراق، ھايۋانلار بۇ ئەھۋالنى دەماللىقتا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى. سىنوۋبولنىڭ قوتان ئۇرۇشىدىكى پىداكارلىقى، كۆپچىلىككە ئاتا قىلغان غەيرەت - شىجائەتلىرى، قوشۇننى جەڭگىۋارلاشتۇرغانلىقى، جونېسنىڭ ئوقىدىن يارىلانغان تەقدىردىمۇ ۋايسىماي جەڭ قىلغانلىقى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بار ئىدى، ھېچبولمىغاندا ئېسىدە باردەك قىلاتتى. باشتا سىنوۋبولنى جونېسقا چاپلاپ قويۇش ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىن زادىلا ئۆتمىدى، ھەتتا ھەرقانداق ئىشتا لام - جىم دېمەيدىغان بوكسېرمۇ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى باستۇرۇپ يېتىپ، كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ئويى - پىكىرلىرىنى جۇغلاپ بېقىشقا شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ، كاللىسىغا بىرەر پىكىر كەلمىدى.

— ھېچ كاللامدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — سىنوۋبول قوتان ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە جەڭ قىلدى، بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بىز ئۇنىڭغا «بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» ئوردېنىنى بەرگەن ئەمەسمۇ؟

— بىز ئالدىنىپتۇق يولداشلار! مەخپىي ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ بىزنىڭ ھالاكىتىمىز ئۈچۈن ئىش قىلغانىكەن.

— بىراق، ئۇ يارىلاندى، — دېدى بوكسېر، — ئۇنىڭ قان ئېقىپ تۇرسىمۇ يۈگۈرگىنىنى ھەممىمىز كۆرگەن.

— ئۇ دېگەن ئالدىن پىلانلانغان ئويۇن، — دېدى سىكالېر ئۇنلۇك قىلىپ، — جونېسنىڭ ئوقى ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئازراق سىلىپ ئۆتكەن، خالاس. خەت ئوقۇيالىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نەرسىلىرىنى كۆرسىتىپ قو-

ياتتىم. ئۇ ئەسلىدە، ھالقىلىق ۋاقىتتا چېكىنىش سىگنالى بېرىپ، جەڭگاھنى دۈشمەنگە ئىككى قوللاپ سۇنماقچى ئىكەن. ئۇنىڭ قەستى ئىشقا ئاشقىلى تاسلا قالغان. يولداشلار، مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، قەھرىمان داھىيمىز ناپالېئون بولمىغان بولسا، سىنوۋبول مەقسىتىگە يەتكەن بولاتتى. جونىسلار بېسىپ كىرگەن پەيتتە، سىنوۋبول كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى، نۇرغۇن ھايۋانلار ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، ئەجەبا، بۇ ئېسىڭلاردا يوقمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا، ھەممەيلەننى سۈر بېسىپ، نەس باسقىلى قىل قالغان. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، يولداش ناپالېئون «ئىنسانلارنى يوقىتايلى» دەپ توۋلاپ ئېتىلىپ چىقىپ، جونىسنىڭ پاچىقىدىن ئالدى، يولداشلار، مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرە ئېسىڭلاردا قالماپتۇ ـ دە؟ — دېدى سىكالىر ھاياجان بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ.

سىكالىر ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئاشۇ مەنزىرىنى شۇنداق جانلىق تەسۋىرلىدىكى، ھايۋانلارمۇ شۇ مەيداننى ئېسىگە ئېلىشقاندەك بولدى. نېمىلا دېگەنبىلەن سىنوۋبول ھالقىلىق پەيتتە كەينىگە قاچقان. بوكسېر يەنىلا قايىل بولمىغاندەك، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە يوشۇرۇن تۈگۈن بار ئىدى.

— سىنوۋبولنىڭ سېپى ئۆزىدىن خائىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشى ئايرىم گەپ. ئەمما، ئۇ قوتان ئۇرۇشىدا ياخشى يولداش ئىدى.

— داھىيمىز ناپالېئون، — دېدى سىكالىر ئاستا ۋە سالماق ھالدا، — ئېنىق قىلىپ، سىنوۋبول جونىسنىڭ ئالاھىدە خادىمى، دېگەن. بۇنى مەن يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قوياي. ھەقىقەتەن شۇنداق، ئىسيان دېگەن گەپ خىيالىمىزغا كىرىشتىن بۇرۇنلا، سىنوۋبول ئىشپىيون ئىدى.

— ھە، شۇنداقمۇ، — دېدى بوكسېر، — يولداش ناپالې-

ئون ئۇنداق دېگەن بولسا، ئۇنىڭ خاتاسى يوق.

— مانا بۇ پوزىتسىيە بولدى، يولداش، — دېدى سىكا-لىر ئۇنلۇك قىلىپ. ئەمما، ئۇنىڭ قېشىدىكى ھايۋانلار سىد-كالىرنىڭ بوكسىرغا ئالىيىپ تىكىلگەن كۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ قالدى.

ئۇ بۇرۇلۇپ كېتەي دەپ بولۇپ، قەدىمىنى توختىتىپ مۇنداق بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى قىستۇردى: «شۇنى دەپ قو-يايكى، ھەممىڭلار كۆزۈڭلارنى يوغانراق ئېچىپ يۈرۈڭلار. شۇنىسى ئېنىقكى، ئارىمىزدا سىنوۋبولنىڭ پايلاقچىلىرى ھازىرمۇ بار.»

تۆت كۈندىن كېيىنكى بىر چۈشتىن كېيىن، ناپالېئون بارلىق ھايۋانلارغا يىغىلىش بۇيرۇقى بەردى. ھايۋانلار يىغى-لىپ بولغاندا، ناپالېئون قورۇق خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن چىقتى، ئۇنىڭ مەيدىسىدە ئىككى ئوردېن تۇراتتى (تېخى يې-قىندىلا ئۇ ئۆزىگە «بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» ۋە «ئى-كىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» ئوردېنىنى بەرگەنىدى). توق-قۇز ئاپشاركا ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى، ئۇلار ھېلىلا بىر كىمنى تالىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قاۋايتتى. ھايۋانلار گويا قورقۇنچلۇق بىر ئىشتىن دېرەك ئالغاندەك ئۆز ئورۇن-لىرىدا تۈگۈلۈپ تۇرۇشتى.

ناپالېئون ئۆرە تۇرۇپ، ئاممىغا سۈرلۈك ھالدا قارىدى، ئاندىن چىرقىراق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى. ئاپشاركىلار ئوق-تەك ئېتىلىپ چىقىپ، تۆت چوشقىنىڭ قۇلىقىدىن چىشلە-گىنىچە ناپالېئوننىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەكەلدى. چوشقىلار قورقۇنچ ۋە ئاغرىق تۈپەيلى چىرقىراپ كەتتى. چوشقىلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن قان ئاقتى، قان ھىدىنى پۇراپلا ئاپشاركىلار غالجىرلاشتى. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، ئۈچ ئىت بىراقلا بوك-سىرغا چاڭ سالدى. بوكسىر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تۇياقلىرى-

نى ئوينىتىپ، بىر ئىتنى يەرگە نىقتىدى. قورقۇپ كەتكەن ئىت نالە قىلىپ كەتتى، قالغان ئىككىسى قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. بوكسېر بۇ ئىتنى شۇ يەردىلا جايلىۋېتەمدۇ ياكى قويۇۋېتەمدۇ دېگەندەك قىلىپ، ناپالېئونغا سەپسالدى. ناپالېئوننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، ئىتنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. بوكسېر پۇتلىرىنى بوشاتتى، بەزى يەرلىرى كۆكىرىپ، بەزى يەرلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىت ئېچىنىشلىق بىر ئىڭراپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

بىر مەيدان غەلىيان تىنچىدى. تۆت چوشقا خۇددى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى پېشانىسىدىكى قورۇقلارغا يېزىپ قويۇلغاندەك، جاراسىنى كۇتۇپ تۇراتتى. ناپالېئون ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ تونۇلاپ، گۇناھىنى ئىقرار قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار دەل ناپالېئوننىڭ يەكشەنبىلىك يىغىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا قارشى چىققان ھېلىقى تۆت چوشقا ئىدى. ئارتۇقچە قىيىن - قىستاق كەتمەيلا، ئۇلار ئىقرارغا كېلىپ، سنوۋبول قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىقىنى، چاقپەلەكنى بۇزۇۋېتىش ئىشىدىمۇ ھەمكارلاشقانلىقىنى دېيىشتى. ئۇلار يەنە سنوۋبول بىلەن كېلىشىپ، ھايۋانلار قورۇقىنى فرېدېرىك ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇشقانلىقى، سنوۋبول ئۆزىنىڭ جونېسنىڭ ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دەپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. چوشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىگەن ھامان ئاپشاركىلار ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كارنىيىدىن ئالدى. ناپالېئون ۋەھىمىلىك ئاۋاز بىلەن تونۇلاپ، مەسىلە تاپشۇرىدىغانلار بارمۇ، دەپ سورىدى.

تۇخۇم ۋەقەسىدە قارشىلىق قىلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئۈچ مېكىيان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سنوۋبولنىڭ ئۇلارنىڭ چۈشىگە كىرىپ، ناپالېئونغا قارشى چىقىشقا

قۇتراتقانلىقىنى ئىقرار قىلىشتى. ئاقىۋەت بۇ ئۇچىمۇ ئۆ-لۈمگە مەھكۇم بولدى. ئارقىدىن بىر غاز ئىقرار قىلىپ، بۇلتۇرقى ھوسۇل مەزگىلىدە ئالتە باش قوناقنى ئوغرىلاپ، يېرىم كېچىدە تىقىپ يەۋالغانىدىم، دېدى. يەنە بىر قوي سۇ كۆلچىكىگە سىيىپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى سنوۋبول شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتكە-نىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى قوي ئىقرارغا كېلىپ، ناپالېئوننىڭ ساداقەتمەن مۇخلىسى بولغان بىر قوچقارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار قېرى قوچقار يۆتىلىپ قالغاندا، ئۇنى گۈلخاننى ئايلىنىپ يۈگۈرۈشكە مەجبۇرلىغا-نىكەن. بۇ ئىككى قويمۇ شۇ مەيداندىلا قەتلى قىلىندى. ئىقرار بولۇش ۋە ھۆكۈم ئېلان قىلىش ئەنە شۇنداق رەۋىشتە داۋام قىلىپ، جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ، ھاۋانى قان پۇرىقى قاپ-لىغۇچە توختىمىدى. بۇنداق ئەھۋال جونېس ھەيدىلىپ كەت-كەندىن كېيىن يۈز بېرىپ باقمىغانىدى.

قەتلى تۈگىگەندىن كېيىن، چوشقا بىلەن ئىتتىن باشقا ھايۋانلار پۈتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېتىۋېلىشتى. ئۇلار قورقىنىدىن مېڭىسى ئېلىشىپ، بىچارە قىياپەتكە چۈشۈپ قېلىشتى. زادى سنوۋبولغا باغلانغان ھايۋانلارنىڭ ئاسىيلە-قى دەھشەتلىكمۇ ياكى بايا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قانلىق ئۆلتۈرۈش دەھشەتلىكمۇ، بۇنى ئۇلار ئىلغا قىلالمىدى. بۇنداق قانلىق ئۆلتۈرۈشلەر بۇرۇنمۇ يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ دەرىجىدە ۋەھشىي ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۈگۈنكىسى ھايۋانلارنىڭ ئۆز ئىچىدە يۈز بەرگەنىدى. جونېس كەتكەندىن بۇيان بىرەر ھايۋان يەنە بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرىدىغان ئىش بو-لۇپ باقمىغانىدى. ھەتتا بىرەر چاشقاننىڭ جېنىغىمۇ ھېچ-كىم زامىن بولمىغان. ھايۋانلار يىغىلىشىپ قالغان چاقپە-لەك ئىنشائاتى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دۆڭگە يېتىپ كېلىپ،

خۇددى بىر ـ بىرى ئارقىلىق ئىسسىنماقچى بولغاندەك يې-
قىن يېتىشتى. كىلوۋېر، مورېل، بېنيامىن، ئىنەك، مىتىس
قوي، بىر توپ غاز ۋە توخۇلارنىڭ ھەممىسى جەم بولدى، لې-
كىن، مۇشۇك كۆرۈنمەيتتى. مۇشۇك ناپالېئون يىغىلىشقا
بۇيرۇق بېرىشتىن ئىلگىرىلا قەيەرگىدۇر يوقالغانىدى. كۆپ-
چىلىك خېلى ۋاقىت ئۈندىمىدى. بوكسېر ياتمىغان بولۇپ،
تىت ـ تىتلىقتىن جىم تۇرالمايتتى، ئۇزۇن قويرۇقىنى يان-
پىشىغا ئۇراتتى، ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا پەس ئاۋازدا
كىشنەپ، بايا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋات-
قانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئاخىرى ئۇ:
— ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. قورۇقى-
مىزدا مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئىشىنەلمەيۋاتى-
مەن. سەۋەنلىك ئۆزىمىزدىغۇ دەيمەن. مېنىڭچە، ئىشنى ھەل
قىلىشنىڭ ئۇسۇلى قاتتىق ئىشلەش. بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر
كۈنى باشقىلاردىن بىر سائەت بالدۇر تۇرۇپ ئىشلەيمەن، —
دېدى.

بوكسېر گېپىنى قىلىپ بولۇپ، ئېغىر قەدەملىرىنى
ئېلىپ ئۇدۇل تاش مەيدانىغا كەتتى. ئۇ ئىككى ھارۋا تاشنى
چاقپەلەك يېنىغا توشۇۋەتكەندىن كېيىن دەم ئالدى.

ھايۋانلار كىلوۋېرنىڭ ئەتراپىغا سىغدىلىپ، جىم تۇرۇش-
تى. ئۇلار ياتقان دۆڭ ئارقىلىق پۈتۈن سەھرانىڭ مەنزىرى-
سىنى كۆرگىلى بولاتتى. قورۇقنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنى-
مۇ كۆرگىلى بولاتتى — چوڭ يولغا تۇتاشقان ئۇزۇن چاسا
ئوتلاق، يەم ـ خەشەك ئېتىزى، ئورمان، كۆلچەك، ياپيېشىل
مايسىلار، قىزىل ئۆگزىلەر ۋە تۈتۈن چىقىۋاتقان مورىلار
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى. بۇ باش ئەتىيازنىڭ بىر ئاخشى-
مى ئىدى. ئوتلاقلار ۋە يېشىل قاشالار گورىزونتال چۈشكەن
كەچكى شەپەق نۇرىدا زەر رەڭ بولۇپ تاۋلىناتتى. ھايۋانلار

ئۆز قورۇقىدىكى ھەربىر سۆڭ يەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى
ئۇشتۇمتۇت ھالدا ھەيرانلىق بىلەن بايقاشتى. ئۇلارنىڭ نە-
زىرىدە يېيىلىپ تۇرغان بۇ زېمىننى ئۇلار شۇ قەدەر ياخشى
كۆرسىمۇ، بۇ يەر ئۇلارنىڭ راھەتلىك ماكانى بولماي قال-
دى.كلوۋېر كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا پەسكە قا-
رىدى، ئەگەر ئۇ ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر
بولالىغان بولسا، نەچچە يىل بۇرۇن بىز ئىنسانلارنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلدۇق، ئەمما، ئې-
رىشكىنىمىز ئارزۇيىمىزنىڭ ئەكسىچە بولدى، دېگەن بولات-
تى. قېرى مايور ئۇلارنى ئىسيانغا ئىلھاملاندۇرغان شۇ كې-
چىسى ئۇلارنىڭ ئىنتىلگىنى تېررورلۇق ۋە قىرغىنچىلىق
ئەمەس ئىدى. ئەگەر كلوۋېر ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى كېلەچەك-
نىڭ تەسۋىرىنى سىزماقچى بولسا، ئۇنىڭدا ئاچارچىلىق ۋە
قامچا دېگەندەك نەرسىلەر ھايۋانلار جەمئىيىتىدىن چىقىرى-
ۋېتىلگەن بولاتتى، كۈچچىلىك ئۆزئارا باراۋەر بولۇپ، ھەر-
كىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلىگەن بولاتتى. خۇددى
قېرى مايور نۇتۇق سۆزلىگەن كېچىسى كلوۋېر ئۆردەك چۈ-
جىلىرىنى پاناھىغا ئالغاندەك كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قوغدى-
غان بولاتتى. لېكىن، كۆڭۈلدىكىدەك ھايۋانلار جەمئىيىتى
ئەمەلگە ئېشىشنىڭ ئورنىغا ئۇلار مۇنداق بىر جەمئىيەتكە
مەھكۇم بولۇپ قالدى: بۇ جەمئىيەتتە ھېچكىم ئويلىغانلىرى-
نى دېيىشكە پېتىنالمايدۇ، ھەممە يەردە قاۋاپ تۇرغان ئىتلار-
نىڭ زومىگەرلىكى، سەن يوق گۇناھنى ئىقرار قىلىشقا مەج-
بۇر بولۇپ، يولداشلىرىڭنىڭ قىيما ـ چىيما بولۇشلىرىغا
كۆزۈڭنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ
قالىسەن. كلوۋېر جاھاننىڭ قانداقسىگە بۇنداق چۆرگىلەپ
قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئاۋارە بولاتتى. ئۇنىڭدا ئىسيان
ياكى قارشىلىق دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ھازىرقى ھالەتنىڭ

جونېس دەۋرىدىكىدىن ياخشى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان.
ئىنسانلارنىڭ قايتا باستۇرۇپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-
نىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىمۇ چۈشىنىشلىك. قانداقلا
بولمىسۇن، ئۇ ساداقەتنى يوقاتماي، تىرىشىپ ئىشلەيدۇ،
ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ، ناپالېئوننىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇ-
نىدۇ. بىراق، ئۇ ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ جاپالىق ئىشلەپ ئې-
رىشمەكچى بولغىنى كۆز ئالدىدىكى بۇ ۋەزىيەت ئەمەس ئى-
دى، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ چاقپەلەك ياسىشى، جونېسنىڭ مىل-
تىقىغا ئۆزىنى ئېتىشى ھەرگىزمۇ مۇشۇنداق پاجىئەلىك كۈن
ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. كلوۋېر ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىل-
سىمۇ، ئەنە شۇنداق پىكىرلەرنى ئويلىدى.

كلوۋېر ئاخىرى كۆڭلۈمدىكى ئويلىرىمنى ئىپادىلەيدى-
غان سۆز تاپالمىسام، ناخشا بىلەن ئىپادىلىسەم بولىدىغۇ، دەپ
ئويلاپ، «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن ناخشىنى ئوقۇشقا
باشلىدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى باشقا ھايۋانلارمۇ جور بولدى،
ئۇلار ناخشىنى يېنىشلاپ ئۈچ قېتىم ئوقۇدى. ناخشا شۇنداق
تەسىرلىك، ئاستا ۋە ھەسرەتلىك ئىدىكى، بۇرۇن بۇنداق ئو-
قۇلمىغاندەك قىلاتتى.



ئۇچىنچى قېتىملىق ئوقۇش تۈگەپ تۇرۇشىغا، سىكالىر ئىككى ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ، ھايۋانلارنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى. ئەلپازىدىن مۇھىم گەپ باردەك تۇيۇلاتتى. ئۇ يولداش ناپالېئوننىڭ ئالاھىدە يوليورۇقىغا بىنائەن، «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خورنى ئوقۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ناخشىنى ئوقۇشقا بولمايدۇ، دېدى.

ھايۋانلارنىڭ بېشىدا گويا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى مورېل ۋارقىراپ.

— يولداش، ئەمدى ئۇ ناخشىنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى سىكالىر قوپاللىق بىلەن، — «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» ئىسيان ناخشىسى ئىدى، ئەمدى ئىسياننىڭ ۋاقتى ئۆتتى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى يەنە بىر تۈركۈم خائىنلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئىجرا قىلىش ئىسيان ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. تاشقى ۋە ئىچكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى. بۇرۇن بىز «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن ناخشا ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى گۈزەل جەمئىيەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرىمىزنى ئىپادىلىگەنىدۇق. ئۇ جەمئىيەتنى مانا ھازىر قۇرۇپ چىقتۇق. روشەنكى، ئۇ ناخشىنىڭ رولى تۈگىدى.

ھايۋانلار ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىرىمۇ چىقتى، ئەمما، دەل شۇ پەيتتە قويلار توپى «تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى» دېگەن شوئارنى توۋلاپ، بىر نەچچە مىنۇت داۋام قىلدۇردى ـ دە، تالاش ـ تارتىشقا ئورۇن قالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن خور ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. شاكىچىك شائىر يىپىگىدىن يەنە بىر ناخشىنى ئىجاد قىلدى، ئۇ مۇنداق باشلىناتتى:

هايۋان قورۇقى، هايۋان قورۇقى،
يەتمىسۇن ساڭا ياتلار زورلۇقى!

بۇ ناخشا ھەر يەكشەنبىلىك بايراق چىقىرىشتا ئوقۇلىدىغان بولدى، نېمىشقىدۇر بۇ ناخشا ھايۋانلارغا نىسبەتەن مەيلى سۆزى، مەيلى تېكىستى جەھەتتە «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن ناخشىغا يەتمەيدىغاندەك تۇيۇلدى.

www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىنىڭ سىراسىملىرى بېسىقىپ قالدى. «ھايۋانلارنىڭ باشقا ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشىگە بولمايدۇ» دېگەننى مەزمۇن قىلغان ئالتىنچى مىزان بەزى ھايۋانلارنىڭ ئېسىدە ئىدى. ھېچبول- مىغاندا ئۇلارنىڭ ئېسىدە باردەك قىلاتتى. گەرچە ھېچكىم چوشقا ۋە ئىتلار ئاڭلىغۇدەك گەپ قىلىشقا پېتىنالمىسىمۇ، يۈز بەرگەن ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ مىزاننىڭ روھىغا خىلاپ ئى- كەنلىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى. كلوۋېر ئالتىنچى مىزاننى ئو- قۇپ بېرىشكە بېنيامىننى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، بېنيا- مىن ئۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشقۇم يوق، دەپ رەت قىلدى، شۇ- نىڭ بىلەن كلوۋېر مورىيلنى ئىزدىدى. مورىيل مىزاننىڭ ئال- تىنچى ماددىسىنى ئوقۇپ بەردى: «ھايۋانلارنىڭ باشقا ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشىگە بولمايدۇ، ناۋادا سەۋەبى بولمىسا»، قانداق ئىش بۇ، كېيىندىكى شەرتلىك جۈملە ھايۋانلارنىڭ خاتىرىسىدە يوق ئىدى. توۋا، ئۇلار كۆردىكى، يۈز بەرگەن ئىشلار مىزانغا خىلاپ ئەمەس ئىكەنغۇ، ئېنىقكى، سىنوۋبول بىلەن ئالاقىسى بار خائىنلارنى ئۆلتۈرۈش يوللۇق ئىكەن.

شۇ يىلى ھايۋانلارنىڭ كۈنى ناھايىتى مۈشكۈل بولدى. چاقپەلەكنى قايتا ياساش، ئۆلىنى بىر ھەسسە ئارتۇق قېلىن- لىتىش، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە پۈتكۈزۈش، قورۇقنىڭ دائىمىي خىزمەتلىرىنى قىلىش دېگەندەك سىجىل ئىشلار ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. ھايۋانلار ئىش ۋاقتىنىڭ جونېس دەۋرىدىكىدىن ئۇزىراپ، يېمەكلىكلىرىنىڭ

بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سىكالېر ئۇزۇن بىر ۋاراق قەغەزنى پۈتلىرىغا قىستۇرۇپ كېلىپ، ھايۋانلارغا ئايىغى چىقماس رەقەملەرنى ئوقۇپ بېرىپ، ھەربىر ئاشلىق تۈرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىككى يۈز پىرسەنت، ئۈچ يۈز پىرسەنت، ھەتتا بەش يۈز پىرسەنت ئاشقانلىقىنى مەلۇم قىلاتتى. ھايۋانلارغا ئىشەنمەي نىمە ئىلاج، ئۇلار ئىسياندىن بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار قورۇقتا كىرگەن سان جىق بولغاندىن كۆرە، ئېغىزغا كىرگەن ئاشلىق جىق بولسا ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايتتى.

بۇيرۇقلار سىكالېر ياكى يەنە بىر چوشقا ئارقىلىق يەتكۈزۈلمەكتە ئىدى. ناپالېئون ئاۋامنىڭ ئالدىدا ئىككى ھەپتىدە بىرەر قېتىم كۆرۈنۈش قىلىپ قوياتتى، ئارتۇق كايىپ كەتمەيتتى. ناپالېئون پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئاپشاركىلاردىن تۈزۈلگەن قوغداش ئەترىتى بولۇش بىلەن بىرگە، بىر قارا خوراز ھەممىنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىپ، بىر كاناييچىنىڭ رولىنى ئالاتتى. ئۇ بىر قىچقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ناپالېئون سۆزىنى باشلايتتى. ئېيتىلىشىچە، خوجايىننىڭ سارىيىدا ناپالېئون باشقا چوشقىلاردىن ئايرىم بىر خانىدا تۇرىدىكەن، ھەمىشە يالغۇز تاماق يەيدىكەن، ئىككى ئىت ئۇنى مەخسۇس كۈتىدىكەن، ئەينەك جاھازغا تىزىپ قويۇلغان خان تاجى دەربى ماركىلىق قاچىلارنى ئىشلىتىدىكەن. ناپالېئوننىڭ ھەر يىللىق تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىدە ئىككى بايرامدىكىدەك ھۆرمەت توپى ئېتىلىدىكەن. بۇ ئىشلارنى بۇرۇنلا جاكارلاپ بولغانىكەن.

ئەمدىلىكتە ناپالېئوننى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە قىلىپ، «ناپالېئون» دەپ ئاتىغىلى بولمايتتى. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ گېپى بولغاندا، «داھىيمىز يولداش ناپالېئون» دەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەسمىي ئاتاش كېرەك ئىدى. چوشقىلار ناپالېئونغا يارىشىدىغان «هايۋانلار ئاتىسى»، «ئىنسانلارنىڭ جاجىسى»، «قوتانلار پاسىبانى»، «ئۆردەكلەرنىڭ دوستى» دېگەندەك سۆپەتلەرنى كەشىپ قىلىشنى ياخشى كۆرۈشەتتى. سىكالېر ناپالېئوننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەقىل ـ پاراسىتى، دىيانىتى، بارلىق هايۋانلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، باشقا قورۇقلاردا جاھالەت ۋە ئاسارەتتە ياشايدىغان بەختسىز هايۋانلارغا بولغان هېسداشلىقىنى تەرىپلەپ سۆزلىگەندە، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقاتتى. قورۇقتا بىرەر نەتىجە هاسىل بولسا، بىرەرسىنىڭ بېشىغا ئامەت قۇشى قونسا، بۇلارنى ناپالېئوننىڭ شاراپىتىدىن كۆرۈش ئادەتكە ئايلاندى. مېكىيانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە «دانا داهىيىمىز ناپالېئوننىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالتە كۈندە بەش تۇخۇم تۇغۇپتىمەن» دېيىشكىنى ياكى كۆل بويىدا سۇ ئىچىۋاتقان ئىنەكلەرنىڭ «يولداش ناپالېئوننىڭ دانا رەھبەرلىكىگە ھەشقاللا، بۇ سۇ نېمىدىگەن تەملىك» دېگەندەك ئاپىرىن ـ تەھسىنلىرى ھەمىشە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھېسسىياتى «يولداش ناپالېئون» دېگەن شېئىردا ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ شاكىچىك تەرىپىدىن يېزىلغانىدى. شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى:

*يېتىملەرنىڭ پاناھى!*
*سائادەتنىڭ فونتانى!*
*بەرىكەتنىڭ شاھىنشاھى!*
*سۇزۇلۇك، تەمكىن كۆزلىرىڭ*
*كۆكنىڭ قۇياشى، ماھى.*
*باقسام ساڭا ھەر قېتىم،*
*قەلبىمدىن قايناپ تاشار.*

ھېسسىياتىنىڭ دەرياىي،
ناپالېئون، ئەي قەدىرلىك داھىي!

بېغىشلىدىڭ مۇھەببەت،
زېمىندىكى جانلىققا.
ئىككى ۋاق تاماق بەردىڭ،
ھەركۈن بىزنىڭ قورساققا.
پاكىز تۆشەك بەردىڭ،
كاتەك، ئۇۋا، قوتانغا.
مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ،
قانار شېرىن ئۇيقۇغا.
سەن پاسىبان، ھىماتچى
ھەممىمىزنىڭ تۇرقىغا،
ناپالېئون، ئەي، قەدىرلىك داھىي!

بولسا ئەگەر كۈچۈكۈم،
ياتقان قېلىن يۆگەكتە.
جىسمى سۈت بوتۇلكىسى،
نوغۇچچىلىك ھالەتتە.
بىلىشى زۆرۈر ساڭا،
ساداقەتنى، ئەلۋەتتە.
ئېيتار سۆزى شۇ بولسۇن،
تىلى چىققان نۆۋەتتە،
«ناپالېئون، ئەي، قەدىرلىك داھىي!»

ناپالېئون بۇ شېئىردىن ناھايىتى رازى بولۇپ، ئۇنى ئامبىرنىڭ سىرتقى تېمىغا، يەنى «يەتتە مىزان» يېزىلغان تامنىڭ ئۇدۇلىغا يازدۇردى.

www.uyghurkitap.com

شېئىرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئاق سىر بىلەن ناپالېئوننىڭ يانتۇ كۆرۈنۈشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنى سىكالېر سىزغانىدى.

ئارىدا ناپالېئون ۋىمپېرنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، فرېدېرىك ۋە پىلىكىتونلار بىلەن بولغان مۇرەككەپ سۆھ-بەتنى ئۆتكۈزدى. ھېلىقى بىر دۆۋە ياغاچ تېخىچە سېتىلمى-غان بولۇپ، فرېدېرىك ئاڭلاپ قىزىققان بولسىمۇ، مۇۋاپىق باھا قويمىدى. تارقالغان مىش - مىش گەپلەرگە قارىغاندا، فرېدېرىك ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ھايۋانلار قورۇقىغا ھۇجۇم قىلىپ، چاقپەلەكنى بۇزۇۋېتىش سۇيىقەستىنى پىلانلاۋاتقانمىش، چۈنكى، فرېدېرىك چاقپەلەك ئىشىدىن ئو-غىسى قايناپ، ھەپسىلىسى پىر بوپتىمىش. يازنىڭ ئوتتۇرى-لىرىدا، ھايۋانلار ئۈچ مېكىياننىڭ سىنوۋبولنىڭ كۈشكۈر-تىشى بىلەن ناپالېئوننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشقا-ندۇق دەپ ئىقرار قىلىشقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاڭ - تاڭ بو-لۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ مېكىيان دەرھال قەتلى قى-لىندى، ناپالېئوننى قوغداش خىزمىتىدە يەنە يېڭى چارىلەر تۈزۈلۈپ، تۆت ئىت كېچىلىرى ناپالېئوننىڭ تۆت تەرىپىدە كۆزەتتە تۇرىدىغان بولدى. ھالكۆز لەقەملىك بىر چوشقا كۈچىككىگە مەخسۇس ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى، ئۇ ناپالېئوننىڭ تامىقىنى تېتىپ كۆرۈپ، زەھەر يوقلۇقى ئېنىقلانغاندىن كې-يىن، ناپالېئونغا بېرەتتى.

شۇ مەزگىللەردە ھايۋانلار ناپالېئون ھېلىقى بىر دۆۋە ياغاچلارنى پىلىكىتونغا ساتماقچى بوپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى تەرەپ قورۇقى بىلەن تولكە جاڭگال قورۇقى ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم مەھسۇلاتلار-نى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىپ-تىمىش دېگەن گەپلەرمۇ بولدى. گەرچە ناپالېئون بىلەن

پىلكىڭتون ئوتتۇرىسىدىكى ئىرىكچىلىك مۇناسىۋىتى ۋىـ-
يېرىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ،
ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەر ھالدا دوستانە دېمەي
بولمايتتى. ھايۋانلار پىلكىڭتونغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيت-
تى، چۈنكى، ئۇ ئادەم ـ دە، ئەمما، قورقۇنچلۇق ھەم نەپرەت-
لىك فرېدېرىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھايۋانلار پىلكىڭتون
بىلەن ئالاقە قىلىشقا مايىلراق ئىدى. ئۇزاق ياز كۈنلىرىنىڭ
تۈگىشى بىلەن چاقپەلەك قۇرۇلۇشىمۇ پۈتۈن قالدى، بىر
قېتىملىق رەزىل ھۇجۇم باشلىنارمىش دېگەندەك خەۋەرلەر
ئەۋج ئالغىلى تۇردى. دېيىلىشىچە، فرېدېرىك قورۇقتىكى
ھايۋانلارغا يىگىرمە نەپەر مىلتىقلىق ئادەم بىلەن تاقابىل
تۇرارمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يەرلىك ھۆكۈمەت ئە-
مەلدارلىرى بىلەن ساقچىلارنى سېتىۋالغان بولۇپ، فرېدېرىك
ھايۋانلار قورۇقىنىڭ مۈلكى ئىگىدارلىق كىنىشكىسىنى قو-
لىغا چۈشۈرۈۋالسا، ئۇلار ئۇقمىغانغا سالارمىش. تېخى بۇ
گەپلەر ئازدەك توقماقلىق قورۇقىدىن فرېدېرىك ھايۋانلارنى
ھەرخىل ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىينارمىش دېگەندەك ۋە-
ھىمىلىك خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. فرېدېرىك بىر قېرى
ئاتنى قامچىلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىش، ئۇ ئىنەكلىرىنى ئاچ
قويارمىش، بىر ئىتنى تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرگەنمىش،
خورازلارنىڭ بىخلىرىغا ئۆتكۈر تىغلارنى تېڭىپ، سوقۇشقا
سېلىپ، كۆڭۈل ئاچارمىش. ھايۋانلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ
بۇقەدەر دەھشەتلىك قىسمەتكە دۇچار بولغىنىدىن قاتتىق
غەزەپلىنىپ، قانلىرى كۆۋەجىدى، ئۇلار بىرنەچچە قېتىم
ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا ئىجازەت سورىدى، ئۇلار توقماقلىقتىكى
ئىنسانلارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، ئۇ يەردىكى ھايۋانلارنى
ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. لېكىن سىكالېر ئۆزىمىز-
نى تۇتۇۋېلىپ، يولداش ناپالېئوننىڭ يۈكسەك ئاقىلانە

www.uyghurkitap.com

ئىستراتېگىيەسىگە ئىشىنەيلى، دەپ، خىزمەت ئىشلىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، فرېدېرىككە قارشى كەيپىيات بارا-بارا ئەۋجىگە چىقتى. بىر يەكشەنبە چۈشتىن بۇرۇن، ناپالېئون ئاشلىق ئامبىرىدا پەيدا بولۇپ، كۆپچىلىككە ياغاچلارنى فرېدېرىككە سېتىپ بېرىشنى ئويلاشقىنىم يوق، دەپ چۈشەندۈرۈش بەردى. ئۇنداق مۇتتەھەم تەبىئەتلىك بىر نېمىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش مېنىڭ سالاھىيىتىمگە ماس كەلمەيدۇ، دېدى ئۇ. ئىسيان خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن كەپتەرنىڭ تۈلكە جاڭگال قورۇقىغا يولۇقىشى مەنئى قىلىندى، بۇرۇنقى «ئىنسانلارنى يوقىتىش» شوئارى «فرېدېرىكنى يوقىتىش»قا ئۆزگەرتىلدى. قالدۇق ياز كۈنلىرىدە سنوۋبولنىڭ يەنە بىر سۇيىقەستى پاش بولدى. چەشنىڭ ئارىسىغا سامان ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى سنوۋبول بىر كېچىسى شۇنداق قىلغانمىش. بۇ قىلمىشقا شېرىك بولغان ئاق قۇ سىكالىېرغا ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، ئاتروپا مېۋىسىنى يەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ھايۋانلار ئەمدى سنوۋبولنىڭ «بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» ئوردېنىغا ئېرىشمىگەنلىكىگە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك ئىشىنىشكە باشلىدى، ئۇ دېگەن سنوۋبول قوتان ئۇرۇشىدىن كېيىن توقۇپ تارقاتقان ئەپسانە ئىدى. مۇكاپات دېگەن نەرسىنى چۈشىدىمۇ كۆرمەيدىغان ئۇ ئەبلەخ جەڭدە قورقۇنچاقلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالانغان، بۇنى ئاڭلىغان بەزى ھايۋانلار گاڭگىراپ قالغاندەك بولۇشتى، بىراق، سىكالىېر ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭلاردا مەسىلە بار ئىكەن، دەپ، دەرھال ئۇلارنى ئىشەندۈرۈشكە ئۈلگۈردى.

كۈز كەلگەندە، كۆپچىلىك چىشىنى چىشلەپ تىرمىشىپ، چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزدى، بۇ مەزگىلدە ئېتىزلىقتىكى يىغىم ئىشلىرىمۇ تەڭ قىستاپ كەلگەنىدى.

ئەلۋەتتە، ئۇسكۇنىلەر تېخى قۇراشتۇرۇلمىغان بولۇپ، ۋىم-
پىر ئۇنى سېتىۋېلىپ كېلىشنىڭ ئېپىنى قىلىۋاتاتتى،
قانداقلا بولمىسۇن، چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنىڭ سۇپىسى قول-
دىن چىقتى. قىيىنچىلىقلار شۇنچە كۆپ، تەجرىبىلەر كەم-
چىل، قوراللار ئاددىي، تەلەي كاج، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنوۋ-



بول بۇزغۇنچىلىق قىلىپ تۇرغان شارائىتتا، قۇرۇلۇش بىر
كۈنمۇ كېچىكمەي ۋاقتىدا پۈتتى. ھارغان ۋە ئىپتىخارلانغان
ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بۇ كاتتا ئەسەرنى
نەچچە مەرتەم چۆرىدەپ ئايلىنىپ تاماشا قىلىشتى، بۇ قېتىم
چاقپەلەك بۇرۇنقىسىدىنمۇ بەك تارتىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇل
نەچچە ھەسسە قېلىن، پارتلىتىش دورىسىدىن باشقا نەرسە
ئۇنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ. شۇنداق، ئۇلار ھەقىقەتەن كۆپ ئەجىر
قىلدى، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان نۇرغۇن قىيىن
ئۆتكەللەردىن ئۆتتى، چاقپەلەك ئايلىنىپ ئىشقا كىرىشكەن-
دە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كاتتا ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ،
ھايۋانلار بۇ ئۆزگىرىشلەرنى خىيال قىلغاندا، ھاردۇقلىرى
چىقىپ، چاقپەلەك ئەتراپىدا سەكرىشىپ داغدۇغا ۋە تەنتەنە
قىلىشاتتى. ناپالېئون پۈتكەن چاقپەلەك ئۇلىنى كۆزدىن
كەچۈرۈش ئۈچۈن توققۇز ئاپشاركا ۋە بىر خورازنىڭ مۇھا-
پىزىتىدە يېتىپ كەلدى، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئەمگەك مۆجىز-
سىنى شەخسىي نامىدىن تەبرىكلىدى، شۇنداقلا چاقپەلەككە
ناپالېئون چاقپەلىكى دەپ نام بەرگەنلىكى جاكارلاندى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ھايۋانلار ئاشلىق ئامبىرىغا يىغ-
غىلىپ، مەخسۇس يىغىن ئېچىلدى. ناپالېئون ياغاچلارنى
فرېدېرىككە سېتىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، ھايۋانلار
تىللىرىنى چىشلەپلا قالدى. ئېيتىلىشىچە، ئەتە فرېدېرىك-
نىڭ ھارۋىلىرى ياغاچلارنى ئالغىلى كېلىدىكەن. ناپالېئون
قارىماققا پىلكىڭتون بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىش قىل-
سىمۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە فرېدېرىك بىلەن ئىچ قويۇن -
تاش قويۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە بىر ئىشلارنى قى-
لىپ يۈرگەنمىش.

تۆلكە جاڭگال قورۇقى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەت-
لەر ئۈزۈلۈپ، پىلكىڭتونغا ھاقارەتلىك ئىبارىلەر بىلەن تول-

غان خەتلەر يوللاندى. كەپتەرلەرگە توقماقلىقتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى، «فرېدېرىكنى يوقىتايلى» دېگەن شوئار «پىلىكىڭتوننى يوقىتايلى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناپالېئون فرېدېرىك ھايۋانلار قورۇقىغا بېسىپ كىرىدۇ دېگەن گەپمۇ يالغان، ئۇنى ئۆز قورۇقىدىكى ھايۋانلارنى خورلايدۇ دېگەن سۆزلەرمۇ بەك ئېشىپ كەتكەن، بۇ ئۆسەك سۆزلەرنى سىنوۋبول ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ كاپالەت بەردى. مەلۇم بولۇشىچە، سىنوۋبول توقماقلىقتا بارماپتۇ، ئۇ يەرگە بېرىش تۈگۈل يېقىنمۇ يولىمىغان گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تۈلكە جاڭگالدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، پىلىكىڭتون ئوبدان قارىغاچقا، باياشات ئۆتتۈۋاتقانمىش.

چوشقىلار ناپالېئوننىڭ زەنجىرسىمان ئەپچىل چارىلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئۇسسۇلغا سەكرەشتى. ناپالېئون پىلىكىڭتون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دەستەك قىلىپ، فرېدېرىكنى ئون ئىككى فوندستېرلىڭ ئارتۇقراق بېرىشكە قىستىدى. ناپالېئوننىڭ دانالىقى، دېدى سىكالېر، ئۇنىڭ ھېچكىمگە، ھەتتا، فرېدېرىككىمۇ ئىشەنمىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. فرېدېرىك ياغاچلارغا چەك كېسىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇستىگە پۇل تۆلەش ۋەدىسى يېزىلغان ئاددىي بىر ۋاراق قەغەزنى ناپالېئون جانابلىرى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئەقىللىق بولغاچقا، فرېدېرىكنىڭ دامىغا چۈشمىدى. ئۇ فرېدېرىككە بەش فوندستېرلىڭلىقتىن نەق پۇل بېرىپ، ياغاچلارنى ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ، دېدى. فرېدېرىك پۇلنى تۆلەپ بولدى، بۇ پۇللار چاقپەلەك ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىشقا دەل يېتىدۇ.

ياغاچلار توشۇلماقتا ئىدى. ياغاچلار توشۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئاشلىق ئامبىرىدا ئالاھىدە يىغىن چاقىرىلىپ، فرېدېرىكنىڭ پۇللىرى ھايۋانلارغا كۆرسىتىلدى. ئوردېنلى-

رىنى تاقىۋالغان ناپالېئون سۈپىدىكى پاخالدا چېھرىدىن تە-
بەسسۇم ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى، جونپىسنىڭ ئاشخانىسىدىن
ئېلىپ چىققان پەتنۇسقا رەتلىك تىزىلغان پۇللار ئۇنىڭ قې-
شىدىلا تۇراتتى. ھايۋانلار سەپ بولۇپ ئۆتۈپ، پۇلنى راسا
كۆرۈۋالماقچى بولۇشاتتى. بوكسېر پۇللارنى پۇراپ باقماقچى
بولۇپ، تۇمشۇقىنى سوزۇۋىدى، ئاق قەغەزلەر ئۇنىڭ تىنىق-
لىرىدىن شىرىقلاپ كەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن چوڭ بىر غوۋغا يۈز بەردى. چىرايى
تاتارغان ۋىمپېر ۋېلىسىپىتلىك كىرىپ كېلىپ، ۋېلىسىپىتنى
ھويلىغا تاشلىدى ـ دە، خوجايىنىنىڭ سارىيىغا كىرىپ كەت-
تى، ھايال ئۆتمەي ناپالېئوننىڭ خانىسىدىن غەزەپلىك چىر-
قىراش ئاڭلاندى، بۇ ئىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پۈتۈن قو-
رۇقىقا شامالدەك يامرىدى. بېرىلگەن پۇللار ساختا بولۇپ، يا-
غاچلار فرېدېرىككە بىكارغىلا كەتكەن گەپ.

ناپالېئون ھايۋانلارنى يىغىپ، ۋەھىمىلىك ئاۋازلىرى
بىلەن فرېدېرىككە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى. فرېدېرىك قولۇمغا
چۈشىدىغان بولسا، تىرىك پېتى پىشۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن، دېدى
ئۇ. بۇنداق تۈزكورلارچە رەزىللىك يۈز بەرگەن يەردە باشقا
ئىشلارنى يۈز بەرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، فرېدېرىك ۋە گو-
ماشتىلىرى خۇددى كۆپچىلىك پەرەز قىلغاندەك قورۇقىمىز-
غا ھەر ۋاقىت ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، دېدى ئۇ كۆپچە-
لىككە. قورۇقىنىڭ ھەممە يېرىگە كۆزەتچى قويۇلدى، تۆت
كەپتەر پىلكىڭتون بىلەن يارىشىش توغرىسىدىكى خەتنى ئې-
لىپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

ئەتىسى سەھەردىلا ھۇجۇم باشلاندى. ھايۋانلار ناشتا قى-
لىۋاتقانىدى، كۆزەتچىلەر فرېدېرىك ئادەملىرىنى باشلاپ،
بەش تاقاقلىق دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىردى، دېگەن خەۋەرنى
ئېلىپ كەلدى. ھايۋانلار دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل

تۇرغان بولسىمۇ، قوتان ئۇرۇشىدىكىدەك غەلىبە قىلالمىدى. ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلەر جەمئىي ئون بەش ئادەم بولۇپ، ئالتىچە قورالى بار ئىدى، ئۇلار دەرۋازىدىن ئەللىك مېتىر ئەتراپىدا ئىچكىرىلەپ كىرىپلا ئوت ئاچتى. ھايۋانلار قور-قۇنچلۇق پارتلاش ۋە جاننى قاقشىتىدىغان قوغۇشۇن ئوققا تاقابىل تۇرالمىدى. گەرچە ناپالېئون بىلەن بوكسېر ئەتراپ-تىكىلەرنى غەيرەت قىلىشقا چاقىرغان بولسىمۇ، دەرھال چېكىنىشكە توغرا كەلدى. ھايۋانلاردىن بەزىلىرى يارىلاندى، ئۇلار قوتانلىرىدا پاناھلىنىپ، تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ۋە تاختايلارنىڭ ئاراچلىرىدىن سىرتقا قارىدى. چاقپەلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل يايلاق دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغانىدى. ناپالېئونمۇ ئامالسىز قالغانىدى، ئۇ گەپ ـ سۆز-مۇ قىلماي ئالدى ـ كەينىگە ماڭاتتى. ئۇنىڭ قاتقان قۇيرۇقى تىترەيتتى. ھايۋانلار پىلكىڭتوندىن ياردەم كەلگەن بولسا مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرغىلى بولاتتى دەپ تولكە جاڭگال تەرەپكە تەشنالىق بىلەن تەلپۈنەتتى. بۇ ۋاقىتتا، خەۋەرچى كەپتەرلەر قايتىپ كەلدى. كەپتەرلەرنىڭ بىرىگە پىلكىڭتون يازغان بىر خەت قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «خوپ بوپتۇ» دېگەن ئىككىلا سۆز تۇراتتى.

شۇ پەيتتە، فرېدېرىك ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى چاقپەلەك ئەتراپىدا توختىغانىدى. ھايۋانلار ئۇلارغا قاراپ تۇردى، كى-شىنى ئۈمىدسىزلىككە ۋە ئەنسىزلىككە سالىدىغان پى-چىرلاشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئىككى ئادەم قوللىرىغا لوم تۆمۈر ۋە بازغانلارنى ئېلىپ چاقپەلەكنى بۇزۇشقا باشلىدى.

— مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ناپالېئون توۋلاپ، — چاقپەلىكىمىزنىڭ ئۇلى مەزمۇت، ئۇلار بىر ھەپتىدىمۇ بۇزالمايدۇ، مەيۈسلەنمەڭلار، يولداشلار.

ئېشەك بېنيامىن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىگە كۆزىنى

ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بازغان ۋە لوم تۆمۈرلىرى بىلەن چاقپەلەكنىڭ ئۇلىدىن بىر تۆشۈك ئېچىۋاتاتتى. بېنيامىن كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا قىزىققاندەك بۇرۇنلىرىنى كەردى.

— ئۇلارنى شۇنداق قىلىدۇ، دەپ بۇرۇنلا ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇ، — سىلەر ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئۇلار بۇ يەرگە پارتلاتقۇچ سالماقچى.

ئەھۋال قورقۇنچلۇق بولۇپ، هايۋانلار ھەممىگە قاراپ تۇردى، چۈنكى، قوتاننىڭ سىرتىغا يۈگۈرۈپ چىقىش خەتەرلىك ئىدى. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەملەر ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشتى، ئارقىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك سادا جاھاننى بىر ئالدى. كەپتەرلەر ئايلىنىپ ئۇچۇپ كۆك قەھرىگە كۆتۈرۈلدى، ناپالېئوندىن باشقا هايۋانلار بىر يەرگە سىغدىلىشىپ، بىر - بىرىگە باشلىرىنى يوشۇرۇشتى. ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرگەندە كۆرگەنلىرى چاقپەلەك ئاسمىنىدا تۇرۇم - تۇرۇم لەيلەۋاتقان قاپقارا ئىس بولدى. لەرزان شامال ئىسلارنى ئاستا - ئاستا تارقىتىۋەتتى، چاقپەلەك كۆككە سورۇلۇپ تۈگىگەنىدى.

كۆز ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە هايۋانلارنىڭ قەيسەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. رەقىبلەرنىڭ زەھەرخەندە ۋە هاقارەتلىك قىلمىشلىرى بايىقى قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىكنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇپ، هايۋانلار ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان كەيپىياتقا كەلدى. تۇساتتىن بىر قىساس ئېلىش چۇقانى كۆتۈرۈلۈۋېدى، ئۇلار ھېچكىمدىن بۇيرۇق كۈتمەيلا، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدى. يەل مىلتىقنىڭ رەھىمسىز ئوقلىرى ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن مۆلدۈردەك يېغىپ تۇرسىمۇ ئۇلار بۇنى سەزمەيتتى. بۇ ھەقىقەتەن دەھشەتلىك، رەھىمسىز بىر مەيدان ئۇرۇش بولدى. ئادەملەر ھەدەپ ئوق ياغدۇراتتى، هايۋانلار ئادەملەرگە خىرس قىلىپ،

يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇلار قولدىكى كالتەكلىرىنى شىل-
تىيتتى، ئېغىر ئۆتۈكلىرى بىلەن تېپەتتى. ئۇرۇشتا بىر
ئىنەك، ئۈچ مىتىس قوي، ئىككى غاز ئۆلدى، قالغان
هايۋانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يارىلاندى، ھەتتا، سەپنىڭ
ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ناپالېئوننىڭ
قۇيرۇقىدىن كىچىككىنە يېرىنى ئوق شىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.
ئادەملەرمۇ زەخىمدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۈچىنىڭ بېشى
بوكسېرنىڭ تۇياقلىرىدىن زەخىملەنگەنىدى، يەنە بىرىنىڭ
قورسىقىنى ئىنەك مۈڭگۈزى تېشىۋەتكەنىدى، جېسسى بىلەن
بىلۇبېل بىرىنىڭ ئىشتىنىنى يىرتىۋەتكەنىدى. ناپالېئوننىڭ
بۇيرۇقى بويىچە چىتلاقتا مۆكۈنۈپ ياتقان توققۇز ئىت ۋەھ-
ىملىك قاۋاپ ئادەملەرنىڭ قېشىدا پەيدا بولغاندا، ئۇلارنى
سۈر باستى. ئادەملەر خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. فرېدېرىك
پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئادەملىرىگە چېكىنىشكە بۇيرۇق
قىلدى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا توخۇ يۈرەك رەقىبلەر قۇيرۇ-
قىنى خادا قىلدى. هايۋانلار ئادەملەرنى دالىنىڭ ئۇ تەرىپ-



www.uyghurkitap.com

گچه قوغلاپ بىرىپ، چىتلاق، قاشادىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنى بىرنەچچىدىن تېپىشكە ئۈلگۈردى.

ھايۋانلار غەلىبە قىلدى، بىراق، ئۇلار قاتتىق ھالسىرىغان بولۇپ، يارىلىرىدىن قان ئاقاتتى. ئۇلار دىڭگوسلىغانچە قورۇققا ئاستا قايتىشتى. ئۇلار قۇربان بولغان يولداشلىرىنىڭ جەسىتىنىڭ ئوتلاقتا سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى، بەزىلىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇلار چاقپەلەكنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىشىپ بىر پەس توختاپ قايغۇلۇق سۈكۈت قىلىشتى. چاقپەلەك ئاللىبۇرۇن كۆزدىن غايىب بولغانىدى، ئۇلارنىڭ مۇشەققەتلىك ئەمگىكىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىمۇ پارە - پارە بولۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇلىنىڭ بىر قىسمىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى. ئەگەر چاقپەلەكنى قايتا قۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۆرۈلگەن تاشلارنى قايتا ئىشلەتكىلى بولمايتتى، چۈنكى، قاتتىق پارتلاشنىڭ كۈچى تاشلارنى يۈز مېتىرچە يىراقلارغا ئىرغىتىپ تاشلىغانىدى، گويا بۇ يەردە ئەزەلدىن قۇرۇلۇش مەۋجۇت ئەمەستەك بىر ھال نامايان ئىدى.

ئۇلار قورۇققا كىرگەندە، ئۇرۇش پەيتىدە نەگىدۇر يوقالغان سىكالىير خۇشاللىقتىن سەكرىگىنىچە پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قۇيرۇقى توختىماي شىپاڭشىيتتى. بۇ چاغدا ھايۋانلار يەنە قورۇق سارىيى تەرەپتىن كەلگەن ھەيۋەتلىك ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى بوكسىر.

— غەلىبىمىزنى تەبرىكلەۋاتىدۇ! — دېدى سىكالىير توۋلاپ.

— قانداق غەلىبە ئۇ؟ — دېدى بوكسىر. ئۇنىڭ تىزىدىن قان ئېقىۋاتاتتى، بىر تۇيىقىنىڭ تاقىسى چۈشۈپ قېلىپ، تۇياقلىرى تىلىنىپ كەتكەنىدى. كەينى پۇتىغا ئون ئىككى

پاي ئوق پېتىپ كەتكەنىدى.
— قانداق غەلىبە دەمسەن، يولداش؟ ئەجەبا، بىز دۈش-
مەنلىرىمىزنى مۇقەددەس تۇپرىقىمىز — ھايۋانلار قورۇقى-
دىن قوغلىۋەتمىدۇقمۇ؟
— ئۇلار بىزنىڭ ئىككى يىللىق ئەمگىكىمىزنىڭ مې-
ۋىسى بولغان چاقپەلەكنى ۋەيران قىلىۋەتمىدىمۇ!؟
— ئۇ دېگەن قانچىلىك ئىش ئىدى؟ بىز يەنە قۇرۇپ
چىقالايمىز، خالىساق ئالتىنى قۇرۇپ چىقالايمىز. يولداش،
سەن بىزنىڭ مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان چوڭ ئىشلارنى
قىلغانلىقىمىزنى تېخىچە بايقىيالماپسەن، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ
زېمىننى دۈشمەنلەر بېسىۋالغانىدى. ئەمدىلىكتە، يولداش نا-
پالېئوننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە بىر سۇڭ يەرنىمۇ قالدۇرماي
قايتۇرۇۋالدۇق!
— نىھايەت، بىز ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋال-
دۇقمۇ، — دېدى بوكسېر.
— مانا بۇ بىزنىڭ غەلىبىمىز، — دېدى سىكالېر.
ئۇلار ئاقسىغىنىچە قورۇغا كىردى، بوكسېرنىڭ پۇتىد-
كى ئوقلار دەھشەت قىينايتتى. ئۇ ئۇلىنى سېلىشتىن باش-
لىنىدىغان ناھايىتى جاپالىق چاقپەلەك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆز
زىمىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدى - دە، ئۇ
ئۆزىنىڭ ئون بىر ياشقا كىرىپ قالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم
ھېس قىلدى، بېجىرىم مۇسكۇللىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس
ئىدى.
قانداقلا بولمىسۇن ھايۋانلار يېشىل تۇغنىڭ لەپىلدەۋات-
قانلىقىنى كۆرگەندە، ئوۋ مىلتىقىدىن ياڭرىغان ھۆرمەت تو-
پى سۇپىتىدىكى يەتتە پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ناپالې-
ئوننىڭ ھايۋانلارنىڭ باتۇرانە ئىشلىرىنى تەبرىكلىگەندىكى
سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ غە-

www.uyghurkitap.com

لىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار قۇربان بولغانلار ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بوكسېر بىلەن كلوۋېر تۆت چاقلىق مېيىت ھارۋىسىنى سۆرىدى، ناپالېئون مېيىتلارنى ئۇزىتىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. تەبرىكلەش ئىشلىرى ئۇدا ئىككى كۈن داۋام قىلدى. خورلار ئېيتىلدى، نۇتۇقلار سۆزلەندى، مىلتىقلار ئېتىلدى. ھەربىر ھايۋانغا ئايرىم سوۋغا (بىردىن ئالما) بېرىلدى، ھەربىر ئۆي قۇشلىرىغا ئىككى ئۇنسىيە قوناق، ھەربىر ئىتقا ئۈچ تالدىن پېچىنە ئىنئام قىلىندى. ئۇرۇشقا چاقپەلەك ئۇرۇشى دەپ رەسمىي نام بېرىلدى، ناپالېئون يېڭىدىن بىر يېشىل تۇغ ئوردېنى لايىھەلەپ ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە ئاستى. شۇنداق قىلىپ، بۇ خۇشاللىق تەنتەنىسىدە، ساختا پۇل ۋەقەسىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، چوشقىلار خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى ھاراق گەمىسىدىن بىر ساندۇق ۋىسكىي تېپىۋېلىشتى. ئۇلار بۇرۇن بۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى. بۇ نۆۋەت تەبرىكلەش پائالىيىتى تۈگەپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بۇ ئاخشىمى، تۇرالغۇلاردىن ياڭراق ناخشا ئاۋازلىرى ياڭرىدى، غەلىتە يېرى شۇكى، بۇ ناخشىلاردا «ئەنگلىيە جانىۋارلىرى» دېگەن ئاھاڭمۇ باردەك قىلاتتى. ھايۋانلار سائەت توققۇز يېرىملار بولغاندا، ناپالېئوننىڭ جونېس ئەپەندىنىڭ كونا شىلەپىسىنى كىيىپ، ئارقا ئىشىكتىن چىققانلىقىنى، ھويلىدا بىر پىرقىرىۋېتىپ يەنە كىرىپ كەتكەنلىكىنى شۇنداق ئېنىق كۆردى. ئەتىسى ئەتىگىنى خوجايىنىنىڭ تۇرالغۇسىنى بۆلەكچە بىر جىمجىتلىق قاپلىغانىدى، چوشقىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. سائەت توققۇز بولاي دېگەندە، سىكالېر پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستا،

چىرايلىرى ئۇسال، كۆزلىرى نۇرسىز بولۇپ، قۇيرۇقلىرى
ساڭگىلاپ كەتكەندى، قارىغاندا، ئۇنىڭ ھالى خارابتەك
قىلاتتى. ئۇ ھايۋانلارنى يىغىپ، قورقۇنچلۇق بىر خەۋەرنىڭ
بارلىقىنى ئېيتتى: يولداش ناپالېئون سەكراتتا ئىكەن!

قايغۇلۇق يىغا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. تۇرالغۇنىڭ سىرتىغا
پاخال يېيىتىلغان بولۇپ، ھايۋانلار پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا
ئاۋايلاپ مېڭىشاتتى. ئۇلار ياشلىق كۆزلىرى بىلەن بىر ـ
بىرىدىن داھىيمىز بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالسا قانداقمۇ
قىلارمىز، دەپ سورىشاتتى. سىنوۋبولنىڭ ناپالېئوننىڭ تا-
مىقىغا زەھەر سېلىش يامان نىيىتى ئاخىرى ئەمەلگە ئېشىپ-
تۇ دېگەندەك مىش ـ مىش گەپلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. سا-
ئەت ئون بىر بولغاندا، سكالېر يولداش ناپالېئون پانىي جا-
ھاندىكى ئاخىرقى بىر ھەرىكىتى سۈپىتىدە ھاراق ئىچكەنلەر
ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەن پەرماننى چىقاردى، دەپ ئېلان قىلدى.

كەچقۇرۇن ناپالېئوننىڭ ئەھۋالى ياخشىلاندى. ئەتىسى
چۈشتىن ئاۋۋال سكالېر كۆپچىلىككە ناپالېئوننىڭ ئوبدان
بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇ ئاخشىمى ناپالېئون
خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەتىسى ۋىمپېرنى ۋىلكىڭ-
تونغا بېرىپ، ئېچىتىش ۋە پارلاندۇرۇش تېخنىكىسىغا دائىر
قوللانمىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ھەپتىدىن كېيىن، نا-
پالېئون پېنسىيەگە چىققان ھايۋانلارغا دەپ قالدۇرغان باغ
كەينىدىكى ئوتلاقنى ئاغدۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇنىڭ-
چە، بۇ يەر كۆچىدىن قالغان بولۇپ، قايتا تېرىمىسا بولمايد-
تى، لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي كۆپچىلىك ئۇ يەرگە ئارپا تېرى-
لىدىغانلىقىنى بىلدى.

شۇ مەزگىلدە، چۈشىنىكسىز بىر ئىش يۈز بەردى. بىر
كېچىسى سائەت ئون ئىككى بولغاندا، قورۇدا تاراقلىغان
ئاۋاز ئاڭلاندى، ھايۋانلار تۇشمۇ تۇشتىن يۈگۈرۈپ چىقىش-

تى. «يەتتە مىزان» يېزىلغان ئاشلىق ئامبىرى تېمىنىڭ تۈۋىدە سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن شوتا ئاي نۇرىدا كۆزگە تاشلاندى. شوتىنىڭ يېنىدا هوشىدىن كەتكەن سىكالىپر ياتاتتى، ئۇ يەردە يەنە پەنەر، چوتكا ۋە ئۆرۈلگەن ئاق سىر چېلەكى تۇراتتى. ئاپشاركىلار دەرهال ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرالايدىغان بولغاندا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشتى. ئېشەك بېنيامىندىن باشقىسى بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تۇراتتى، بېنيامىن گويا ئاردىكى سىرلارنى چۈشەنگەندەك، بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاغزىنى ماكىلدىتاتتى، ئەمما ئۇ هېچنېمە دېمىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، مورېل «يەتتە مىزان» نى ئوقۇۋېدى، هايۋانلار ئەسلىرىدە چالا ساقلىغان بىر مەزمۇننىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. بەشىنچى مىزاندا، «هايۋانلارنىڭ هاراق ئىچىشىگە بولمايدۇ» دېيىلگەندەك قىلاتتى، بىراق، ئۇلار زىيادە كۆپ دېگەن ئىككى سۆزنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. يەنى تامغا «هايۋانلارنىڭ زىيادە كۆپ هاراق ئىچىشىگە بولمايدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.



www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

بوكسېرنىڭ يارىلانغان ئالدى پۇتى خېلى ئۇزۇنغىچە سا-
قىيىپ كېتەلمىدى. غەلىبە تەنتەنىسى ئاخىرلاشقان كۈنىنىڭ
ئەتىسى، ھايۋانلار چاقپەلەكنى قايتا قۇرۇش ئىشىنى يەنە
باشلىۋەتتى. بوكسېر ئىش ئارىلىقىدا بىر كۈنمۇ رۇخسەت
سورىمىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ يارا ئازابىنى ھېچكىمگە بىلدۈر-
مىدى. پەقەت ئاخشاملىرى ئاغرىق پۇتىنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى
كلوۋېرگە پىچىرلاپ دەپ بېرەتتى. كلوۋېر دورا ئۆسۈملۈك-
لىرىنى چايناپ، بوكسېرنىڭ يارىسىغا تېڭىپ قوياتتى، بېن-
يامىن بىلەن ئىككىسى بوكسېرغا ئۇنچىلىك قاتتىق ئىشلە-



مەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۇنداق ئىشلىگىلى تۇرساڭ، ئۆپكەڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دەيتتى كلوۋېر بوكسېرغا. بۇنداق گەپلەر بوكسېرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. پېنسىيە يېشىمدىن بۇرۇن چاقپەلەكنىڭ ئايلانغىنىنى كۆرۈش مېنىڭ ئارزۇيۇم، بۇ تېخى ئىشقا ئاشمىدى، دەيتتى ئۇ.

قورۇقنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى يېڭى تۈزۈلگەندە، ئات بىلەن چوشقىنىڭ پېنسىيە يېشى ئون ئىككى ياش، ئىنەكنىڭ ئون تۆت ياش، ئىتنىڭ توققۇز ياش، قوينىڭ يەتتە ياش، توخۇ بىلەن غازنىڭ بەش ياش قىلىپ بېكىتىلىپ، مائاش ئۆلچىمىمۇ تۇرغۇزۇلغانىدى. بىراق، تا ھازىرغا قەدەر بىرەر ھايۋانغا پېنسىيە مائاشى بېرىلىپ باقمىغان بولۇپ، يېقىندىن بۇيان بۇ ھەقتىكى غۇلغۇلىلار كۆپىيىپ قالدى. ئەمدى باغنىڭ كەينىدىكى بىر پارچە يەر ئارپا تېرىشقا ئاجرىتىلدى، ئېيتىلىشىچە، چوڭ ئوتلاقنىڭ بىر بۇرجىكى قاشالىنىپ، قېرى ـ ئاجىز ھايۋانلارنىڭ ئوتلىشىغا بېرىلەرمىش. ئەسلىدە ئاتنىڭ پېنسىيە مائاشى ئۈچۈن ئاتقا كۈنىگە بەش قاداق ئاشلىق، قىشلىقى كۈنىگە ئون بەش قاداق قۇرۇق يەم ـ خەشەك، بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بىر سەۋزە ياكى بىر ئالما بېرىلمەكچى ئىدى. كېلەر يازدا بوكسېر ئون ئىككى ياشقا كىرىدۇ.

بىر مەزگىللىك تۇرمۇش ناھايىتى جاپالىق بولدى. بۇ قىشمۇ ئىنتايىن سوغۇق بولدى، ئاشلىق تېخىمۇ قىس بولدى. چوشقا بىلەن ئىتتىن باشقا ھايۋانلارنىڭ نورمىسى قىسقارتىلدى. سىكالېر نورمىدىكى قاتمال باراۋەرچىلىك ھايۋانىزمنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپ دېگەن گەپنى قىلدى. كۆرۈنۈشتىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىكالېر ئاشلىقنىڭ ھەرگىز كەمچىل ئەمەسلىكىنى باشقا

هايۋانلارغا ئاسانلا ئىسپاتلاپ بېرىشكە قادىر ئىدى. نۆۋەتتە ئاشلىق نورمىسىنى تەڭشەش زۆرۈرىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايىقىدۇق. (سكالېر «تەڭشەش» سۆزىنىڭ ئورنىغا «قىسقارتىش» دېگەن گەپنى ھەرگىز ئىشلەتمەيتتى)، جونېس دەۋرىگە نىسبەتەن ئەھۋالىمىز كۆپ ياخشى، دېدى ئۇ. ئۇ بىر قاتار سانلارنى چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ئوقۇپ، سۇلۇ، ئوت - خەس، تۇرۇپ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ جونېس دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئاشقانلىقىنى، خىزمەت ۋاقتىنىڭ قىسقارغانلىقىنى، ئىچىدىغان سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى، ئۆمرىنىڭ ئۇزارغانلىقىنى، ئەۋلادلىرىنىڭ ھايات قېلىش نىسبىتىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى، قوتانلاردىكى پاخاللارنىڭ ئاۋۇغانلىقىنى، بۈرگىلەرنىڭ كېمەيگەنلىكىنى ئاياناماستىن ئىسپاتلاپ چىقاتتى. ھايۋانلار بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. راستىنى ئېيتقاندا، جونېس ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋانلارنىڭ خاتىرىسىدە سۇسلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، تىرىكچىلىك مۇشكۇل بولۇپ، ھەمىشە ئېچىرقاپ تۇراتتى ۋە توڭلاپ تۇراتتى، ئۇخلىمىغان چاغلىرىدا پەقەت ئەمگەكلا قىلاتتى. ئەمما، ئۆتمۈش زامانلاردىكى تۇرمۇشنىڭ ھازىرقىدىنمۇ قىيىن ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، ئۇلار تولۇق رازىمەنلىك بىلەن شۇنداق ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇرۇن قۇل بولغان بولسا، ھازىر ھۆر، مانا بۇ ئەڭ تۈپكى پەرق — سكالېر بۇ نۇقتىنى ئەسكەرتىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى.

ئەمدى بېقىشقا تېگىشلىك ھايۋانلار كۆپەيدى. كۈزدە تۆت مىكىجىن بىرلا ۋاقىتتا جەمئىي ئوتتۇز بىرنى كۈچۈكلىدى، كۈچۈكلەرنىڭ رەڭگى ئالا ئىدى. قورۇقتىكى بىردىنبىر قاۋان (ئەركەك توڭگۇز) ناپالېئون بولغانىكەن، چوشقا كۈ-

چۈكلىرىنىڭ كىمىنىڭ نەسلى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مە-
لۇم ئىدى. ئېلان قىلىنىشىچە، ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن يا-
غاچ ۋە خىش سېتىۋېلىنىپ، قورۇق تۇرالغۇسىنىڭ گۈللۈ-
كىگە بىر ئىبغىزلىق دەرسخانا سېلىنىدىكەن، ئۇنىڭغىچە
بولغان ئارىلىقتا ناپالېئون بۇ كىچىك چوشقىلارنى خوجايىن-
نىڭ ئاشخانىسىدا تەربىيەلەپ تۇرىدىكەن. كۈچۈكلەر گۈل-
لۈكتە چېنىقاتتى، ئۇلار باشقا ھايۋان باللىرى بىلەن ئوي-
نىمايتتى. مۇشۇ مەزگىللەردە ھايۋانلار چوشقىلار بىلەن دو-
قۇرۇشۇپ قالسا، بىر چەتكە ئۆتۈپ چوشقىلارغا يول بېرىش
بىر قائىدىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوش-
قىلار دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەك-
شەنبە كۈنلىرى قۇيرۇقىغا يېشىل لېنتا تاقاپ چىقىش ئىم-
تىيازىغا ئىگە بولدى.
قورۇقنىڭ بۇ يىللىق ھوسۇلى خېلىلا ئوبدان بولدى،
لېكىن، چۆنتەكتە يەنىلا پۇل يوق ئىدى. دەرسخانا (سىنىپ)
سېلىش ئۈچۈن كېسەك، قۇم ۋە ھاك دېگەندەك نەرسىلەرنى
سېتىۋېلىش كېرەك ئىدى، يەنە چاقپەلەك ئەسلىھەلىرىنى
تەل قىلىش ئۈچۈن پۇل يىغىشقا توغرا كېلەتتى. ئۆينى يو-
رۇتۇشقا لازىم بولىدىغان كىرسىن بىلەن شام، ناپالېئون
يەيدىغانغا شېكەر (ئۇ سەمىرىپ كېتىدۇ دەپ، باشقا چوش-
قىلارنىڭ شېكەر يېيىشىنى چەكلىگەن)، شۇنداقلا ئۇسكۈنە،
مىخ، تانا، كۆمۈر، سىم، قاڭالتىر ۋە ئىت باقىدىغان پىچىنە
قاتارلىق ئاسان تۈگەيدىغان بۇيۇملارنى تولۇقلاش قاتارلىق
ئېھتىياجلارمۇ كۆتۈپ تۇراتتى. بىر دۆۋە قۇرۇق ئوت بىلەن
بىر نەچچە تاغار بەرەڭگىلەر سېتىۋېتىلدى، تۇخۇم سېلىقىمۇ
ئېشىپ، ھەپتىلىك ۋەزىپە ئالتە يۈز دانىگە يەتتى. شۇڭا،
توخۇلارنىڭ ئەسلىدىكى سانىنى ساقلاپ قالغۇدەك نىسبەتتە
چۈجە چىقىرىلدى. ھايۋانلارنىڭ نورمىسى دېكابىردا بىر قې-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىم كېمەيتىلگەننىڭ ئۈستىگە فېۋرالدا يەنە كېمەيتىلىدى.
كىرسىنىنى تېجەش ئۈچۈن قوتانلاردا چىراق يېقىش مەنئى
قىلىنىدى. ھەر ھالدا چوشقىلارنىڭ ھال - كۈنى يامان ئە-
مەستەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار بارغانسېرى سەمرىپ كې-
تىۋاتاتتى. فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر چۈشتىن كې-
يىن ئىللىق، كۆچلۈك، مەززىلىك بىر پۇراق چىقىپ كەل-
دى، بۇ پۇراق جونىس دەۋرىدىن باشلاپلا تاشلىۋېتىلگەن،
ئاشخانىنىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە هاراق ئېچىتىش ئۆيىد-
دىن كەلگەن بولۇپ، ھايۋانلارغا تولىمۇ ئۆزگىچە بىلىنىدى.
بەزى ھايۋانلار بۇ پۇراقنى قاينىتىلغان ئارپىنىڭ پۇرىقى دې-
يىشتى ۋە پۇراقنى ئاچكۆزلەرچە سۈمۈرۈشتى، ئۇلار كەچلىد-
كىمىز ئۈچۈن يوغان قازاندا ئىسسىق ئۇماچ تەييارلاۋاتقان
ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشتى. ئىسسىق ئۇماچ نەدە تۇر-
سۇن، كېيىنكى بىر يەكشەنبىدە ئارپىلارنىڭ ھەممىسى
چوشقىلارغا قالدۇرۇلسۇن دېگەن يېڭى بىر بۇيرۇق چىقتى.
باغنىڭ كەينىدىكى بىر پارچە يەرگە ئارپا تېرىلدى، ئۇزاق
ئۆتمەيلا ھەربىر چوشقىغا كۈنىگە بىر پىنت (pint) پىۋا، نا-
پالېئوننىڭ ئۆزىگىلا يېرىم گاللون (ئىككى لېتىردىن ئار-
تۇق) پىۋا نورما قىلىپ بېرىلىدىكەن دېگەن خەۋەر تارقالدى،
ناپالېئون بۇ پىۋىنى خان تاجى دېربى ماركىلىق ياپقۇچلۇق
قاچىدا ئىچەرمىش.
ھايۋانلارنىڭ بۇنداق سىرىقتال تۇرمۇشقا ھەر ھالدا رازى
بولۇشىغا پەقەت بىرلا سەۋەب بار ئىدى، يەنى ئۇلار ھازىر ئۆت-
مۈشكە قارىغاندا نامدا بولسىمۇ ئىززەتلىكرەك ياشاۋاتاتتى.
ئېيتىدىغان ناخشىلار، سۆزلىنىدىغان نۇتۇقلار، نامايىشلار كۆ-
پەيدى. ھايۋانلار قورۇقنىڭ كۈرەش غەلىبىسىنى تەبرىكلەش
يۈزىسىدىن ناپالېئون ھەپتىدە بىر قېتىم ئىختىيارىي نامايىش
ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ يەردىكى ئىختىيارىي نامايىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھايۋانلارنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا خىزمىتىنى تاشلاپ، ھەر-
بىچە سەپلەرنى تۈزۈپ، قورۇقنى ئايلىنىپ چىقىشىنى كۆر-
سىتەتتى. چوشقىلار نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭات-
تى، ئارقىدىن ئاتلار، ئاتلارنىڭ كەينىدىن كالىلار، ئاندىن
قويلار، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆي قۇشلىرى تىزىلىپ ماڭاتتى. ئىتلار
سەپنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولاتتى، ھەممىنىڭ ئالدىدا ناپالې-
ئوننىڭ قارا خورىزى ماڭاتتى. بوكسېر بىلەن كلوۋېر ھەمىشە
پۇت بىلەن مۈڭگۈزنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن يېشىل تۇغنى
كۆتۈرۈپ ماڭاتتى، تۇغدا «ناپالېئون ياشىسۇن!» دېگەن خەت
بار ئىدى. نامايىش تۈگىگەندىن كېيىن، ناپالېئوننىڭ شەنىگە
دېكلاماتسىيەلەر قىلىناتتى، ئاندىن سكالېر نۇتۇق سۆزلەيت-
تى. ئۇنىڭ نۇتقىدا ئاشلىقنىڭ ئېشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى
سانلىق مەلۇماتلار بولاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ نۇتقىغا مىلتىق ئې-
تىلىپ تەگكەش قىلىناتتى. قويلار ئىختىيارىي نامايىشنىڭ

قىزغىن قوللىغۇچىلىرى بولۇپ، ئەگەر ھايۋانلار بۇ قىپقىزىل ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، بىزنى سوغۇقتا تىزىپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دەپ شىكايەت قىلسا (ئادەتتە، ئىت ۋە چوشقىلار يانلىرىدا بولمىسىلا، بەزى ھايۋانلار قاقشاپ قوياتتى)، قويلار بىسەرەمجان مەرەشلىرى بىلەن «تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار ئەسكى!» دەپ تووۋلاپ، ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى يىغىشتۇراتتى. ھەر نېمە دېگەنبىلەن ھايۋانلار ئۇ خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆچ كۆرۈپمۇ كەتمەيتتى. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھايۋانلار، ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا، ئۇنىڭ بارلىقى ئۆزلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاشقا مايىل ئىدى. ناخشىلار ياڭراق، نامايىشچىلار قايناق بولۇپ، سىكالېرنىڭ سانلىق پاكىتلىرى قورۇقنىڭ شەرىپىنى ئۆستۈرەتتى. ئوۋ مىلتىقلىرى ئېتىلىپ، خورازلار شادىيانە چىللاپ، بايراقلار لەپىلدەيتتى. ھايۋانلار ئاشۇنداق داغدۇغىلىق مەنزىرىلەرنى كۆرگەندە، قورساقنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

ئاپرېلدا ھايۋانلار قورۇقى جۇمھۇرىيەت قۇردى، شۇنىڭ بىلەن پىرېزىدېنت سايلاپ چىقىشقا توغرا كەلدى. سايلام نامزاتى پەقەت بىرلا ناپالېئون بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا پىرېزىدېنت بولۇپ سايلاندى. شۇ كۈنى يېڭى بىر تۈركۈم ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلغانلىقى مەلۇم بولدى، بۇ ھۆججەتلەردە سىنوۋبول بىلەن جونىس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەپسىلاتلىرى بار ئىكەن. مەلۇم بولدىكى، سىنوۋبول قوتان ئۇرۇشىدا ھايۋانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن مەككارلىق قىلىپلا قالماي، يەنە جونىس تەرەپتە تۇرۇپ، ھايۋانلار بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلەشكەنمىش، ئەمەلىيەتتە «ئىنسانلار ياشىسۇن!» دەپ تووۋلىغىنىچە جەڭگاھقا كىرىپ كەلگەن ئىنسانلار قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى دەل ئاشۇ سىنوۋبول ئىكەن. بەزى ھايۋانلار سىنوۋبولنىڭ دۈمبىسىدىكى يارىنى

كۆرگەنمىش، ئۇ يارا ناپالېئوننىڭ چىشلىشىدىن قالغان ئىدـ
ـمىش.

يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان قاغا موسىس قورۇقتا پەيدا بولدى. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىـ
ـدەك بولۇپ، ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، سۆزلەيدىغىـ
ـنى كەمپۈت تاغ ھەققىدىكى كونا ھېكايىلەر ئىدى. ئۇ كۆـ
تەكلەرگە قونۇپ، قاپقارا قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ، ئاڭلىغۇـ
چىلىرىغا سائەتلەپ سۆزلەيتتى:

— ئۇ تەرەپلەردە، يولداشلار! — دەيتتى ئۇ تۇمشۇقلىـ
ـرىنى ئاسمانغا سوزۇپ رەسمىي تەرزدە، — ئۇ تەرەپلەردە، يەـ
ـنى سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئاشۇ بۇلۇتلارنىڭ كەينىدە بىر تاغ بار، ئۇ كەمپۈت تاغ دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك يەردە بىز ئارامغا چىقىپ، ئەمگەك قىلمايمىز. ئۇ راسا پەرۋاز قىلىپ، ئېگىز ئۇچقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ يەردىكى يۇمران بېـ
ـدىلەرنى، شاخلاردا بولغان كەندىر پېچىنىلەرنى ۋە چاقماق قەنتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.
ھايۋانلارنىڭ كۆپلىرى ئۇنىڭ ھېكايىسىگە ئىشەندى.
ھايۋانلار، كۈنلىرىمىز ئاچ ـ زارلىقتا ئۆتىدۇ، ھېرىپ ھالىـ
ـمىز قالمايدۇ، باشقا بىر جايدا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى دۇنيانىڭ بولغىنى ياخشىغۇ، ئۇنىڭ نەرى بولمايدىكەن، دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى، ئەمدىكى گەپ چوشقىلار موسىسقا قانداق قاراپـ
ـدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس ئىدى. چوشقىلار مەنسىتـ
ـمىگەن تەلەپپۇزدا موسىسنىڭ كەمپۈت تاغ توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى جۆيلۈش، دېيىشەتتى ـ يۇ، موسىسنىڭ ئەمـ
ـگەك قىلمايلا قورۇقتا تۇرۇشىغا يول قوياتتى، ئېخى ئۇنىڭغا كۈنىگە يەتتىدىن بىر لېتىر پىۋا بېرەتتى.

پۈتى ساقايغان بوكسېر بۇرۇنقىدىنمۇ تىرىشىپ ئىشلىـ
ـدى، شۇ يىلى ھەممە ھايۋانلار قۇلدەك ئىشلىگەن بىر يىل

بولدى. قورۇقنىڭ كۆندىلىك ئەمگىكى ۋە چاقپەلەك قۇرۇ-
لۇشىدىن باشقا يەنە، مارت ئېيىدىن باشلانغان دەرسخانا قۇ-
رۇلۇشىمۇ بىر تۈر بولۇپ قوشۇلدى. قورساققا ياخشى يېمەي
تۇرۇپ، ئېغىر ئەمگەكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ھەقىقەتەن
ئاسان ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ، بوكسېرنىڭ قەدىمى يەنىلا
بېجىرىم بولۇپ، مەيلى ئۇنىڭ گېپى ياكى ئىشىدا بولسۇن
ئۇنىڭ كۈچىدىن قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر ئالا-
مەت يوق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ تۇرقىدا ئازراق ئۆزگىرىش بار
ئىدى، مويلىرى بۇرۇنقىدەك پارقىرىمايتتى، مۇسكۇللىرى
كىچىكلەپ قالغاندەك ئىدى. «ئەتىيازنىڭ يېڭى چۆپلىرىنى
يەپ، بوكسېر يەنە ئەپتىگە قايتىدۇ» دېيىشەتتى بەزى
ھايۋانلار. ئەمما، ئەتىيازمۇ كەلدى، بىراق، بوكسېر ھاللانـ-
مىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىرنەچچە نۆۋەت تاشلارنى يۇقىرىغا
سۆرەپ چىققۇچە، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تاشلارنىڭ
دومىلاپ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، بۇ چاغدا ئۇ-
نىڭغا ئىرادىدىن باشقا ھېچنېمە يار - يۆلەك بولمىدى. ھەر
قېتىم بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كېتەتتى،



ئۇ گويا «تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيمەن» دېمەكچى بولاتتى،
ئەمما ئۇنىنى چىقارغۇدەك مادارى بولماي قالدى. كلوۋېر بى-
لەن بېنيامىن ئۇنى ئۆزۈڭنى ئايىغىن، دەپ ئاگاھلاندۇرغان
بولسىمۇ، ئۇ بۇ گەپكە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى. بوكسېر
ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالدى، ئۇ پېنسىيەگە چىقىشتىن
بۇرۇن، چاقپەلەك قۇرۇلۇشىغا يېتەرلىك تاش يىغىۋالسام
دەپلا ئويلايتتى، باشقا ئىشلار بولسا خىيالىغا كىرىپ چىق-
مايتتى.

يازنىڭ بىر ئاخشىمى، بوكسېرغا بىر ئىش بوپتۇ دېگەن
خەۋەر قورۇققا تارقالدى. ئۇ قوتاندىن چىقىپ، ئۆزى يالغۇز
تاش سۆرەپتىمىش. دەرۋەقە، بۇ گەپنىڭ راستلىقىدا شەك
يوق ئىدى. بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن، ئىككى كەپتەر
«بوكسېر يىقىلىپ قېلىپ، ئورنىدىن تۇرالمىدى» دېگەن خە-
ۋەرنى يەتكۈزدى.

قورۇقتىكى ھايۋانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك چاقپەلەك
قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقان دۆڭگە يۈگۈرۈپ چىقىشتى. بوكسېر



هارۋىسىنىڭ شوتىسىدا قىسىلغىنىچە، بوينىنى سوزۇپ يا-
تاتتى، قارىماققا بېشىنى كۆتۈرگۈدەك مادارى يوقتەك قىلات-
تى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرسىز بولۇپ، بەدىنى چىلىق - چىد-
لىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئاغزىدىن چىققان قان ئىنچىكە
سوزۇلۇپ ئېقىۋاتاتتى. كلوۋېر ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئول-
تۇراتتى.

— بوكسېر، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ يىغلايتتى ئۇ.

— ئۆپكەمنىڭ دەردى، — دېدى بوكسېر زەئىپ
ئاۋازدا، — ھېچقىسى يوق. مەن يوق بولغانغا چاقپەلەك قۇ-
رۇلۇشى توختاپ قالامدۇ. تاش خېلى كۆپ توپلاندى. يەنە
ئىشلىسەم بىر ەر ئايغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن. راستىنى دې-
سەم، پېنسىيەگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. بېنيامىند-
مۇ قېرىپ قالدى، بەلكىم ئۇنى مەن بىلەن بىرگە پېنسىيەگە
چىقىرىپ قويۇشار.

— بىزگە ياردەم كېرەك، — دېدى كلوۋېر، — تېز بو-
لۇڭلار، سىكالېرغا ئەھۋالنى ئېيتىڭلار.

باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى سىكالېرغا خەۋەر قىلغىلى
كېتىشتى. بوكسېرنىڭ يېنىدا پەقەت كلوۋېر بىلەن بېنيا-
مىنلا قالدى، ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا قۇيرۇقلىرى بىلەن
بوكسېرنى چىۋىندىن قورۇيتتى. چارەك ۋاقىتتىن كېيىن،
سىكالېر پەيدا بولدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېسداشلىق ۋە
خەيرىخاھلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، يولداش ناپالېئون قورۇ-
قىمىزدىكى ئەڭ سادىق بىر پۇقرانىڭ بەختسىزلىككە يولۇق-
قانلىقىنى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۇ بوكسېرنى
ۋىلىڭدون دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالىتىشنىڭ كويىدا
بولۇۋاتىدۇ، دېدى. ھايۋانلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ھازىر-
غا قەدەر موللى بىلەن سنوۋبولدىن باشقا ھېچكىم قورۇق-
تىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىتاب بىر قې-

www.uyghurkitap.com

رىندىشىنىڭ ئىنسانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىنىمۇ خالىمايتتى. بىراق، سكالىپر بوكسېرنى داۋالاشتا، ۋىلىڭتوندىكى مال دوختۇرخانىسىنىڭ قورۇقتىنمۇ ياخشىراق ئىكەنلىكىگە ھايۋانلارنى ئىشەندۈرۈشكە قادىر ئىدى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، بوكسېرنىڭ ھالى بىرئاز تۈزەلگەندەك بولدى، كۆپچىلىك ئۇنى تەستە ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، قوتانغا ئاپاردى، كلوۋېر بىلەن بېنيامىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بىر پاخال تۆشەك ھازىرلاپ قويغانىدى.



بوكسېر ئىككى كۈنگىچە قوتاندىن چىقمىدى. چوشقىلار ئۇنىڭغا مۇنچىدىن تېپىۋالغان بىر شىشە ھال رەڭ سۈيۇقلۇق دورىنى ئەكېلىپ بەردى، كلوۋېر ئۇ دورىنى بوكسېرغا تاماقتىن كېيىن كۈندە ئىككى ۋاق ئىچۈردى. ئاخشاملىرى كلوۋېر بوكسېر بىلەن مۇڭدىشاتتى، بېنيامىن چىۋىن قورۇيتتى. بوكسېر يۈز بەرگەن ئىشلاردىن روھىمىنى چۈشۈرمەي-

مەن، ساقايسام، يەنە ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈشۈم مۇمكىن، ئا-
خىرقى ئۆمرۈمنى يايلاقنىڭ بىر چېتىدە ئارامخۇدا ئۆتكۈز-
گۈم بار، دېدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتمنى A ، B ، C ، D لاردىن
باشقا يىگىرمە ئىككى ھەرپنى ئۆگىنىشكە بېغىشلايمەن، دې-
دى، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، ئاشۇ ۋاقىت ئۇنىڭ پۈ-
تۈن ئۆمرىدە مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە ئاجراتقان بىردىنبىر
ۋاقتى بولۇپ قالاتتى.
بېنيامىن بىلەن كلوۋېر بوكسېرغا پەقەت ئىشتىن بو-
شانغان ۋاقىتلىرىدا كېلىپ قارىيالايتتى. بىر كۈنى قاق
چۈشتە بىر ئۇستى يېپىق ھارۋا كېلىپ، بوكسېرنى ئېلىپ
كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ھايۋانلار بىر چوشقا سەركار (ئىش بې-
شى)نىڭ نازارىتىدە تۇرۇپ ئېتىزلاردا ئوتاق ئوتاۋاتاتتى،
ئۇلار بېنيامىننىڭ تۇرالغۇ تەرەپتىن ئۇنىنىڭ بارىچە ھاڭراپ
چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. چۈنكى،
بۇ بېنيامىننىڭ تۇنجى قېتىم بۇنچە ھاياجانلىنىپ يۈگۈرۈ-
شى ئىدى.
— چاپسان بولۇڭلار، — دەيتتى ئۇ، — چاپسان، ئۇلار
بوكسېرنى ئېلىپ كەتمەكچى ئىكەن!
ھايۋانلار سەركارنىڭ نېمە دېيىشىگە قارىمايلا، قولىدىكى
سايمانلارنى تاشلاپ تۇرالغۇ تەرەپكە چېپىشتى. دەرۋەقە، ھوي-
لىدا ئىككى ئات قوشۇلغان ئۇستى يېپىق چوڭ بىر ھارۋا
بولۇپ، ئۇستىگە نېمىلەردۇر يېزىلغانىدى، شىلەپىسىنى
چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ھارۋىكەش كۆزلىرى قىيسىق بىر ئەر
كىشى ئىدى. بوكسېرنىڭ قوتىنى بوش تۇراتتى.
ھايۋانلار ھارۋىنى ئارىغا ئېلىپ:
— خەير - خوش، بوكسېر، خوش! — دەپ ئارقا - ئار-
قىدىن توۋلاشتى.
— ھۇ، كالۋالار! — دېدى بېنيامىن غەزەپ بىلەن

www.uyghurkitap.com

ۋارقىراپ. ئۇ تۇۋلىغىنىچە پۇتلىرىنى ھەر تەرەپكە شىلتىيتتى، — ھەي كالۋالار، ھارۋىغا يېزىلغان خەتلەرنى كۆرۈشمىدىڭمۇ؟

ھايۋانلار ئۆزلىرىگە ھاي بېرىپ، بىر - بىرىنى شۈك بولۇشقا ئۈندىدى. مورېل ھارۋىدىكى خەتلەرنى ھەجىلەشكە باشلىدى. بېنيامىن ئۇنى نېرى تۇر دەپ، ئۆزىلا ئوقۇدى.



ئەتراپنى گۆرۈستاندەك جىمجىتلىق قاپلىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ۋىلكىڭتوندىكى ئالفرېد سىموند ئات بوغۇزلايدۇ ۋە يېلىم قايناتىدۇ، تېرە ساتىدۇ، ئۇستىخان پاراشوكى ئىشلەيدۇ. ئىت باقىدىغانلارنى يەم بىلەن تەمىنلەيدۇ»

— مەنىسىنى بىلىشتىڭمۇ؟ ئۇلار بوكسېرنى قۇشخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى بېنيامىن.

قورقۇنچلۇق يىغا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ھارۋىكەش ئاتلارغا بىر قامچا ئۇردى - دە، ئۇستى يېپىق ھارۋا قورۇدىن چىقتى. ھايۋانلار ئەگىشىپ، ئۈنىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاشتى، ھارۋىمۇ بارغانسېرى تېزلەشتى. ئۇ تېز يۈگۈرۈشكە ھەرقاد-

چە ئۆرۈنسىمۇ، قەدىمى يەنىلا ئاستا ئىدى. «بوكسېر!» دەپ توۋلىدى كىلوۋېر، «بوكسېر! بوكسېر! بوكسېر!» دەل شۇ چاغدا، بوكسېر سىرتتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلىغاندەك قىلدى ـ دە، ئاق بالداقلىق تۇمشۇقىنى ھارۋىنىڭ كەينىدىكى كۆزنەكتىن سىرتقا چىقاردى.

— بوكسېر! — توۋلىدى كىلوۋېر ئەنسىزلىك بىلەن، — بوكسېر، چۈش، دەرھال چۈش! ئۇلار سېنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭدى.

ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى كىلوۋېرغا ئەگىشىپ: «چۈش، بوكسېر، تېز چۈش!» دەپ توۋلاشتى. ھارۋا بارغانسېرى ئىتتىكلەپ، ئۇلاردىن يىراقلاپ كەتتى. بوكسېر كىلوۋېرنىڭ نېمە مەقسەتتە توۋلىغىنىنى چۈشەندىمۇ ـ يوق، بۇنى ئۇققىلى بولمايتتى. ھايال ئۆتمەي، ئاتنىڭ تۇمشۇقى كۆزدىن غايىب بولدى، ھارۋىنىڭ ئىچىدىن ئات تۇيىقىنىڭ بىر يەرگە تەپكەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، قارىغاندا، بوكسېر ئۆزى ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدىگەندەك قىلاتتى. ئەگەر بۇ ھارۋىنى بوكسېر بۇرۇنقى كۈچى بىلەن تېپىدىغان بولسا، ھارۋا ئوتۇن قىلىشقىمۇ يارىمايدىغان دەرىجىدە سەرەڭگە تېلىدەك چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتكەن بولاتتى. ۋاي ئېسىت، ئەمدى ئۇ ماغدۇرىدىن كېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تېپىشلىرى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ، ئاۋازلار ئاڭلانمىدى. ئاخىرى ئۈمىدسىزلەنگەن ھايۋانلار ھارۋىغا قوشۇلغان ئىككى ئاتقا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— يولداشلار، يولداشلار! — دېدى ئۇلار قايغۇلۇق ئاۋازدا، — ئۆزۈڭلارنىڭ قېرىندىشىنى قۇشخانىغا تارتماڭلار!

بىراق، بۇ ئىككى نادان مەخلۇق ئۇلارنىڭ نېمە بولۇشىنى نەدىن بىلسۇن، ئەكسىچە، ئۇلار قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ئاياغلىرىنى تېزلەتتى. كۆزنەكتىن بوكسېرنىڭ يۈزى قايتا كۆرۈنمىدى. بەزى ھايۋانلار بالدۇرراق بېرىپ، بەش تاقاقلىق

www.uyghurkitap.com

دەرۋازىنى ئېتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۈلگۈرەلمىدى. ھارۋا ھەش - پەش دېگۈچە دەرۋازىدىن چىقىپ، چوڭ يولدا غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بوكسېر قايتا كۆرۈنمىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇقىرىدىن گەرچە بوكسېر بىر ئات ئېرىششكە تېگىشلىك كۈتۈنۈشلەرگە تولۇق ئېرىشكەن بولسىمۇ، ۋىلكىڭتوندىكى دوختۇرخانىدا جان ئۈزدى، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىندى. خەۋەرنى سكالېر يەتكۈزدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بوكسېر سەكراتتا ياتقان سائەتلەردە بوكسېرنىڭ يېنىدىن ئايرىلماپتىمىش.

— بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ تەسىرلىك كۆرۈنۈش! — دېدى سكالېر بىر پۇتى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ئۇ جان ئۈزگىچە،كارىۋىتىنىڭ يېنىدا تۇردۇم. سەكراتتىكى پەيتىدە ئۇنىڭ سۆزلىگۈدەك ھالى قالمىغانىدى، ئۇ، چاقپەلەك پۇتمەي تۇرۇپلا كېتىپ قالىدىغان بولدۇم، دەپ شىۋىرلىدى. ئۇ مېنىڭ قۇلىقىمغا: «ئالغا، يولداشلار! ئىسيان نامىدا ئالغا! ھايۋانلار قورۇقى ياشىسۇن! ناپالېئون ياشىسۇن! ناپالېئوننىڭ مەڭگۈ توغرا!» دەپ پىچىرلىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، يولداشلار!

سكالېرنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قىيسىق كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ بىلىشىمچە، — دېدى ئۇ، — بوكسېر قورۇقتىن كەتكەندە، بىمەنە ۋە زەھەرخەندە گەپلەر تارقىلىپ يۈرۈپتىمىش، بەزىلەر ھارۋىدىكى «ئات بوغۇزلاش» دېگەن خەتكە قاراپلا، بوكسېرنى قۇشخانىغا ئېلىپ ماڭىدىكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. قانداقسىگە ئۇنداق بولسۇن، ھايۋان دېگەن شۇنداقمۇ دۆتلۈك قىلغان بارمۇ؟ ئەسلىدە، ئۇلار مۆھتىرەم داھىيمىز ناپالېئوننى چوڭقۇرراق چۈشەنسە بولات-

تى، شۇنداقمۇ؟!
سىكالېر غەزەپتىن ۋارقىراپ كەتتى، قۇيرۇقىنى شىد-
پاڭشىتىپ، ھەر تەرەپكە سەكرەيتتى.
— ھارۋىنىڭ ئىشى ئۇنچە مۇرەككەپ ئەمەس، — دېدى
ئۇ، — ھارۋا ئەسلىدە بىر قاسساپنىڭ بولۇپ، كېيىن بىر
مال دوختۇرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن. ئەمما، مال دوختۇرى
ھارۋىدىكى خەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئۈلگۈرمىگەن. خاتا تو-
نۇشلار دەل مۇشۇ يەردىن كېلىپ چىققان.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھايۋانلارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك
بولدى. سىكالېر بوكسېرنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ئەھۋالىنى
ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، بوكسېر دوختۇرخانىدا
كاتتا غەمخورلۇقلارغا ئېرىشىپتۇ، ناپالېئون قىممەت باھالىق
دورىلارنىڭ باھاسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇنى
ئاڭلاپ ھايۋانلارنىڭ ئاخىرقى گۇمانلىرىمۇ يېشىلىپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ قايغۇسى بوكسېرنىڭ خىرامان ئۆلگىنىدىن كەلگەن
قانائەتلىنىشكە ئورۇن بەردى.
ناپالېئون كېيىنكى يەكشەنبىلىك يىغىلىشقا بىۋاستە
ئۆزى قاتنىشىپ، بوكسېرغا تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن
قىسقا بىر نۇتۇق سۆزلىدى.
— تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، — دېدى ئۇ، — ۋاپات
بولغان قېرىندىشىمىزنىڭ مېيىتىنى قورۇقىمىزغا قايتۇرۇپ
كېلىپ دەپنە قىلالمىدۇق. مەن گۈللۈكىمىزدىكى ئېسىل
لائۇر دەرىخىنىڭ شېخىدىن گۈلچەمبىرەك ياساپ، بوكسېر-
نىڭ قەبرىسىگە قويۇشنى بۇيرۇدۇم. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە،
چوشقىلار بوكسېرنى خاتىرىلەش زىياپىتى ئۆتكۈزىدۇ، ناپا-
لېئون نۇتقىنى بوكسېرنىڭ دائىم تەكرارلايدىغان «تېخىمۇ
تىرىشىپ ئىشلەيمەن»، «يولداش ناپالېئوننىڭ ھەممىشە
توغرا» دېگەن ئىككى ئېغىز گېپىنى نەقىل قىلىپ چۈشۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دى، — بۇ سۆزلەرنى ھەربىر ھايۋان ئۆزلىرىنىڭ قىبلىنە-
ماسى قىلىشى كېرەك! — دېدى ئۇ ئاخىرىدا.

زىياپەت كۈنى، يېڭى يېمەكلىك توشۇيدىغان بىر ھارۋا
ۋېلىڭتوندىن كېلىپ، خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە يوغان بىر سان-
دۇق چۈشۈردى. شۇ كۈنى تۈن بويى ناخشىلار ۋە قىيقاس -
سۈرەنلەر ياڭراپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تىللىششلار ئاڭلاندى،
ھايال ئۆتمەي گۈلدۈر - قاراسلار ئىشتىلدى. ئەتىسى چۈش-
كىچە ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىغاچقا، ھەممە ياق جىمجىت
ئىدى، ئەمما، چوشقىلار نەدىندۇر پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىشىپ،
بىر ساندۇق ۋىسكى سېتىۋاپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى.

# ئونىنچى باب

يىلىلار ئۆتتى. پەسىللەر كېلىپ ـ كەتتى. ھايۋانلارنىڭ قىسقا ئۆمرى ئۇچقاندەك ئۆتەتتى. ئەينى چاغلاردىكى ئىسيانلارنى بىلىدىغان ئەجدادلار ئۇزۇلگەن بىر دەۋر يېتىپ كەلدى، ئۇ ئىشلارنى بىلىدىغانلاردىن پەقەت كلوۋېر، بېنيامىن، قاغا موسېس ۋە بىرقانچە چوشقىلارلا قالغانىدى.

ئۆچكە مورېل ئۆلدى. بلۇبېل، جېسسى ۋە پىنچىرلەرمۇ ئۆلدى. ھەتتا جونىسمۇ ۋىلايەتنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى زابويلارنى يىغىۋېلىش ئورنىدا ئۆلدى. سىنوۋبول ئەستىن كۆتۈرۈلدى. بوكسېرنى ئەسلەيدىغانلارمۇ ناھايىتى ئاز قالدى. كلوۋېر قېرىپ، سەمرىپ كەتكەن بولۇپ، بوغۇملىرى قېتىپ، كۆزلىرىدىن چاپاق قايناپدىغان بولدى. ئۇ پېنسىيە يېشىدىن ئىككى ياش ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر



www.uyghurkitap.com

بىرەر ھايۋاننىڭ راستتىنلا پىنسىيەگە چىققانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدى. ياشىنىپ قالغان ھايۋانلارغا ئوتلاقتىن ئايرىم يەر كېسىپ بېرىدىغان گەپلەرمۇ جايىدا قالدى. ناپالېئون ئېغىرلىقى 330 قاداق كېلىدىغان، يېتىلگەن بىر قاۋان بولۇپ قالدى. سېمىزلىكتىن سىكالېرنىڭ كۆزلىرىمۇ يۇمۇلۇپ قالدى. پەقەت قېرى بېنىيامىن تۇمشۇقىدىكى مويلارنىڭ ئازراق ئاقارغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇرۇنقىدەك تۇرغانىدى. بوكسېرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ غېرىپ، تېخىمۇ كەم سۆز بولۇپ كەتتى.

كۆپىيىش نىسبىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، قورۇقتىكى ھايۋانلار خېلىلا ئاينىپ قالغانىدى. ئىسيان ئېغىزدىن — ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن غۇۋا چۆچەككە ئايلىنىپ قالدى، باشقا يەرلەردىن سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلگەن ھايۋانلار بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ئىسيان ھەققىدە ھېچ نەرسىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ھازىر قورۇقتا كلوۋېردىن باشقا ئۈچ ئات بار بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى قاۋۇل، دوستانە، ئەمگەكچان بولسىمۇ، ئىنتايىن نادان ئىدى. ئۇلار ئون ئۈچتىن كېيىنكى ھەرپنى تونۇمايتتى. ئۇلار ئىسيان ۋە ھايۋانىزم پىرىنسىپى ھەققىدىكى گەپلەرنى تولۇق قوبۇل قىلاتتى، كلوۋېرغا ئىخلاسمەن بۇ جانىۋارلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرگە بەكرەك مايىل ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئاڭلىغانلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى.

قورۇق بارغانسېرى گۈللىنىپ، ياخشى باشقۇرۇلماقتا ئىدى، پىلكىڭتوندىن سېتىۋېلىنغان ئىككى پارچە زېمىن قوشۇلۇپ، قورۇقنىڭ كۆلىمىمۇ كېڭىيىپ قالغانىدى. چاقپەلەك قۇرۇلۇشىمۇ بىر ئاماللار بىلەن پۈتكەن بولدى، قورۇقنىڭ ئۆزىگە تەۋە دان ئايرىش ماشىنىسى ۋە چۆپ باغلاش

ماشىنىسى بار بولدى، بىر قانچە يېڭى ئىمارەتلەرمۇ پەيدا بولدى. ۋىمپېر ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىسى سېتىۋالدى. قىزىق يېرى، چاقپەلەك توك چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي، تۈگمەن قىلىپ ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ پايدىسىمۇ ئوبدان بولدى. ھايۋانلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ، يەنە بىر چاقپەلەكنى قۇرۇپ چىقىشماقتا ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇنى توك چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتەرمىش. بىراق، ئەينى زاماندا سنوۋبول ھايۋانلارغا دېگەن باياشات تۇرمۇش (ئېلېكتىرلەشكەن بولۇش، ئىسسىق، سوغۇق سۇلار تەل بولۇش، ھەپتىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا ئىشلەش)نىڭ گېپىنى ھېچكىم تىلغا ئالماس بولۇپ قالدى. ناپالېئون ئۇ غايىلەرنى ھايۋانىزمنىڭ پىرىنسىپىغا خىلاپ، دەپ ئېيتاتتى. ھەقىقي بەخت جاپالىق ئىشلەپ، ئاددي تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت، دەيتتى ئۇ.

نېمىشقىدۇر، قورۇق بۆرۈنقىدىن بېيىغان بولسىمۇ، ئىت ۋە چوشقىدىن باشقا ھايۋانلار ئۇ بايلىقنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمىدى، چوشقا ۋە ئىتلارنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى بولسا كېرەك. چوشقىلار بىلەن ئىتلارمۇ بىكار يۈرمەيتتى، خۇددى سكالېر ئېرىنمەي چۈشەندۈرگەنگە ئوخشاش، قورۇقنى باشقۇرۇش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئايىغى چىقماس ئىشلىرى بار ئىدى. ھايۋانلار نادان بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى چۈشىنىپ بولالمايتتى. سكالېر دېگەندەك، چوشقىلار «ئارخىپ تۇرغۇزۇش»، «دوكلات يېزىش»، «يىغىن خاتىرىسى يېزىش»، «ئەستىلىك يېزىش» دېگەندەك باشقىلار چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار يوغان - يوغان قەغەزلەرگە ئىمىر - چىمىر خەتلەرنى يېزىشى كېرەك. يېزىپ بولغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ يوق قىلىش كېرەك. بۇ ئىشلار قورۇقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى. تا ھازىرغا قە-

دەر چوشقىلار بىلەن ئىتلار ئۆزلىرى قول سېلىپ يېمەكلىك ئىشلەپچىقارمىدى، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماي، ئىشتىھايىمۇ ياخشى ئىدى.

باشقا ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئايان بولغىنىدەك كونا پەيدە ئىدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى يەنىلا ئاچ ئىدى، پاخال ئۈستىدە يېتىشاتتى، كۆلچەكتىن سۇ ئىچەتتى، ئىشلەيتتى. قىشتا سوغۇقنىڭ، يازدا چىۋىننىڭ دەردىنى تارتىشاتتى. ئۇلارنىڭ ياشقا چوڭلىرى ئۆزلىرىنىڭ غۇۋا خاتىرىلىرىگە ئاساسەن، ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، جونېس ھەيدەلگەن دەسلەپكى چاغلاردىكى تۇرمۇشىمىز ھازىرقىدىن ياخشى بولغىيمىدى ياكى ناچار بولغىيمىدى دېگەننى خىيال قىلىشىپ، بىرەر ھۆكۈمنى چىقارماقچى بولاتتى. ئەمما، ئۇلار ھېچنېمىنى تۇزۇك ئىلغا قىلالمىدى. ئۇلار ھازىرقى تۇرمۇش بىلەن سېلىشتۇرما قىلغۇدەك ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا سكالېر ئىزىپ - ئىچۈرۈپ قويغان بىر قاتار سانلىق مەلۇماتلاردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. سكالېرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى پەقەت ئىشلارنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ھايۋانلارنىڭ ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا چامىسى يەتمەيتتى، چولىسىمۇ تەگمەيتتى. قېرى بېنىيامىن ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھاياتىدىكى ھەربىر كەچۈرمىشىنى ئەسكە ئېلىپ، ئىشلارنىڭ ئۆتمۈشتىكىدىن بەك ناچار ۋە بەك ياخشى بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ئاچلىق، ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپى، دەيتتى ئۇ.

ھايۋانلار يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەيتتى، بەلكى، ھايۋانلار قورۇقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشتىكى شەرەپ تۇيغۇسى ۋە ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارماي يۇ-

رۇشەتتى. ئۇلار پۈتۈن ئەنگلىيەدىكى بىردىنبىر ھايۋانلار
ئىگىدارچىلىقىدىكى قورۇقنىڭ خەلقى ئىدى. ئۇلارنىڭ ياش-
لىرى بولسۇن ياكى ئون - يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىن
سېتىۋېلىپ كېلىنگەنلىرى بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ بۇ قورۇ-
قىدىن ھەيران قالماي تۇرالمايتتى. ئۇلار ئوۋ مىلتىقلىرىدىن
چىققان ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندا، خادىدا لەپىلدەۋاتقان
يېشىل تۇغلارنى كۆرگەندە، قەلبلىرىدە ئىپتىخار ھېس قىل-
ماي تۇرالمايتتى، پاراڭلىرى تەبىئىي ھالدا بۇرۇنقى باتۇر-
لۇقلار، جونېسنىڭ قوغلىنىشى، «يەتتە مىزان»نىڭ پۈتۈلۈ-
شى، تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن ئىنسانلار قوغلىۋېتىلگەن
ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش قاتارلىق شۆھرەتلىك تېمىلارغا
كۆچەتتى. كونا چۈشلەر تەرك ئېتىلمىدى، قېرى مايور بې-
شارەت بەرگەن ھايۋانلار جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ،
ياپيېشىل ئەنگلىيە تۇپرىقىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئايىغى ئاس-
تىدا چەيلەنمەسلىكىگە ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى قەتئىي ئىد-
شىنىدۇ. ئۇ كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۇنچە تېز بولماس-
لىقى مۇمكىن، بەلكىم، ھازىرقى ھايۋانلارنىڭ ئۇ كۈنلەرنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۆمرى يار بەرمەسلىكى مۇمكىن.
بىراق، ئۇ كۈنلەر ھامان يېتىپ كېلىدۇ، «ئەنگلىيە جانىۋار-
لىرى» دېگەن ئاھاڭنى ھايۋانلار ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوغرىلىق-
چە غىڭشىپ قوياتتى، ھېچكىم ئۈنلۈك ئوقۇشقا جۈرئەت
قىلالمىسىمۇ، ھەممە ھايۋانلارنىڭ ئۇ ناخشىنى ئېيتالايدىغان-
لىقىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆمرى جاپادا ئۆتتى، ئۇ-
مىد - ئارزۇلىرىمۇ تولۇق ئىشقا ئاشمىدى، ئۇلار ئۆزلىرد-
نىڭ باشقا ھايۋانلارغا ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قد-
لىپ يەتتى، ئۇلارنىڭ تويغۇدەك بىر نەرسە يېيەلمەسلىكى
زوراۋان ئىنسانلار تۈپەيلىدىن بولغان ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ
ئېغىر ئەمگەكلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارد-

www.uyghurkitap.com

سىدا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدىغانلار يوق بولۇپ، بىر هايۋان يەنە بىر هايۋاننى «خوجايىن» دەپ ئاتايدىغان ئىشلار يوق ئىدى. دېمەك، بارلىق هايۋانلار باراۋەر ئىدى.

دەسلەپكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سىكالىپر بىرنەچچە قوينى ئەگەشتۈرۈپ، قورۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېيىن نوتىلىرى قاپلىغان توقايلىققا باردى. قويلار سىكالىپرنىڭ نازارىتىدە كۈنبويى يۇمران ئوتلارنى يېدى. كەچقۇرۇن سىكالىپر ئۆزى يالغۇز قايتتى، هاۋا ناهايىتى ئىسسىق بولغاچقا، قويلارنى توقايلىقتا قالدۇردى. قويلار شۇ قالغانچە بىر هەپتە تۇرۇشتى، باشقا هايۋانلار ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. سىكالىپر كۆپ ۋاقتىنى قويلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى، مەن قويلارغا ناخشا ئۆگىتىۋاتىمەن، دەخلى قىلماڭلار، دەيتتى ئۇ.

قويلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، هايۋانلار ئىشتىن چۈشۈپ، تۇرالغۇلىرىغا قايتىۋاتقان ئازادە بىر ئاخشىمى، قورۇقتىن بىر ئاتنىڭ نالىسى ئاڭلاندى، هايۋانلار قاققان قوزۇقتەك جايىدا تۇرۇشۇپ، مىدىر - سىدىر قىلىشمىدى. بۇ ئاۋاز كلوۋېرنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇ يەنە بىر قېتىم كىشنىدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق هايۋانلار هويلىغا ئېتىلىپ چىقىشتى - دە، كلوۋېر كۆرگەن مەنزىرىنى كۆرۈشتى.

كۆرۈنگىنى چوشقىنىڭ كەينى ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە مېڭىشى بولدى.

ئۇ سىكالىپر ئىدى. ئۇ گويا ئاشۇ سېمىز گەۋدىسىنى بۇ هالەتكە ئانچە كۆنۈپ كېتەلمىگەندەك كۆتۈرسىمۇ، تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغان هالدا هويلىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئارقىدىنلا خوجايىننىڭ ئۆيىدىن بىر سەپ چوشقىلار چىقىشىپ، ئىككى پۇتلاپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوبدانلا ماڭاتتى، بەزىلىرى گويا هاسا

بولسا بولىدىغاندەك ئازراق ئەلەڭشىيتتى، قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھويلىنى بىر ئايلىنىپ چىقالىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى بىلەن قارا خورازنىڭ چىللىشى ئاڭلاندى ــ دە، ناپالېئون پەيدا بولدى، ئۇ روھلۇق بولۇپ، مەغرۇر كۆز تاشلايتتى. ئىتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى.

ئۇ ئالدى پۇتلىرى بىلەن بىر قامچىنى تۇتۇۋالغانىدى. گۆرۈستاندەك جىمجىتلىق ئەتراپنى قاپلىدى.

ئەندىكىپ چۆچۈگەن ۋە قورقۇپ كەتكەن ھايۋانلار بىر يەرگە سىغدىلىپ، چوشقىلار سېپىنىڭ ئالدىرىماي مېڭىش-



www.uyghurkitap.com

لىرىغا قاراپ قىلىشتى. شۇ تاپتا پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر
ئايلانغاندەك بىر ئىش بولدى. ھايۋانلارنىڭ دەسلەپكى ئەندى-
كىشلىرى ئۆتۈپ كەتتى، گەرچە ئىتلار قورقاق سىلىپ تۇر-
سىمۇ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى يېتىلدۇرگەن ھېچ ئىشتىن
قاقشىمايدىغان، ھېچنېمىنى تەنقىدلىمەيدىغان ئادەتلىرى شۇ
پېتى داۋام قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھايۋانلار ھېچنېمە بىد-
لەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، بىر قېتىم قارشىلىق كۆر-
سىتىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلگەندەك بولدى. قىزىق يېرى،
خۇددى بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندەك، قويلار بىردەك مەرەپ،
خور ھاسىل قىلدى:

— تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار تېخىمۇ
ياخشى! تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار تېخىمۇ ياخ-
شى! تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، ئىككى پۇتلۇقلار تېخىمۇ ياخشى!

شوئار بەش مىنۇت داۋاملاشتى. قويلار جىم بولغاندا،
چوشقىلار ئۆيلىرىگە كىرىپ بولۇشتى — دە، قارشىلىق بىل-
دۈرىدىغان پۇرسەتمۇ ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى.

بىرسىنىڭ تۇمشۇقى بېنيامىننىڭ مۈرىسىگە تەگكەندەك
بولدى، قارىسا، ئۇ كلوۋېر ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ
خىرەلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئۇ لام — جىم دېمەيلا
بېنيامىننىڭ ياللىدىن چىشلەپ تارتىپ، «يەتتە مىزان» يې-
زىلغان تامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار ۋازلىن سۈر-
كەپ، ئۇستىگە ئاق خەت يېزىلغان تامنىڭ يېنىدا بىر ھازا
تۇرۇپ كەتتى.

— كۆزلىرىم بولمايلا كەتتى، — دېدى كلوۋېر ئاخىرى،
— ياشلىقىمدىمۇ تامدىكى خەتلەرنى تونۇيالمايتتىم. لېكىن،
بۇ تام بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغاندەكلا قىلىدۇ.بېنيامىن، قا-
رىغىنا، «يەتتە مىزان» ئۆزگەرمەي تۇرۇپتىمۇ؟

بۇ نۆۋەت بېنيامىن كونا ئادىتىنى بۇزۇپ، كلوۋېرغا

خەتنى ئوقۇپ بەردى. ئەمدى تامدا بىرلا ماددىلىق مىزان قال-
غانىدى.ئۇ مىزان مۇنداق ئىدى:

ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر، لېكىن، بەزى ھايۋانلار باشقا ھايۋانلاردىن بەكرەك باراۋەر.

ئەتىسى قورۇقتىكى نازارەتچى چوشقىلارنىڭ ھەممىسى-نىڭ ئالدى پۇتلىرى بىلەن قامچا تۇتۇۋالغانلىقى ھەيران قالمىسىمۇ بولىدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە رادىيو سېتىۋالغانلىقى، تېلېفون ئورناتماقچى بولغانلىقى، «يوھان



www.uyghurkitap.com

توپاق»، «قىزىقارلىق خەۋەرلەر»، «كۆندىلىك ئەينەك» قاتار-
لىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغانلىقى تېخىمۇ
ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. ناپالېئوننىڭ غاڭزا
چېشلەپ تۇرۇپ، گۈللۈكتە سەيلە قىلىشىنى دېمەيلا قويا-
لى، ياق، چوشقىلار جونېسنىڭ كىيىم ئىشكاپىدىكى
كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدى. ناپالېئونمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا
ھالدا قارا چاپان، ئوۋچى ئىشتىنىنى كىيىپ، پاچىقىغا خۇ-
رۇم يۆگەپ، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئامراق مى-
كىجىنى جونېس خانىمنىڭ پەقەت يەكشەنبە كۈنلىرىلا كى-
يىدىغان تاۋار كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىنكى بىر چۈشتىن كېيىن، ئىككى
چاقلىق بىرقانچە ئات ھارۋىسى قورۇققا كەلدى، ئەتراپتىكى
قورۇقنىڭ خوجايىنلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر ئۆمەك تەك-
لىپكە بىنائەن تەكشۈرۈشكە كەلگەنىدى. مېھمانلار قورۇقنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشتى، ئۇلار ھەممە
نەرسىنى ماختاشتى، چاقپەلەككە ئالاھىدە باھا بېرىشتى.
ھايۋانلار تۇرۇپلۇقتا ئوت ئوتاۋاتقان بولۇپ، ناھايىتى قې-
تىرقىنىپ ئىشلىگەنلىكتىن كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەيتتى،



ئۇلار زادى چوشقىدىن بەكرەك قورقامدۇ ياكى ئادەمدىنمۇ، بۇنى ئۇققىلى بولمايتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن قىقاس ـ سۈرەنلەر ۋە ناخشىلار ئاڭلىنىپ تۇردى. ئارىلاش بىر ئاۋاز هايۋانلارنىڭ قىزىقىشىنى بەكرەك تارتتى. هايۋانلار بىلەن ئادەملەر باراۋەر هالدا تۇنجى نۆۋەت بىر يەرگە كېلىشكەن بۇ مۇهىتتا، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلىپ بېقىش كېرەك ـ تە. شۇنىڭ بىلەن هايۋانلار ئاۋايلاپ دەسسىشىپ، خوجايىنىنىڭ گۈللۈكىگە كىرىپ كېلىشتى.

بوسۇغىغا كەلگەندە، هايۋانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى، كىلوۋېر ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئېهتىيات بىلەن دەسسەپ ئۆيگە يېقىنلاشتى، بەزى بويى ئېگىز هايۋانلار دېرىزە ئارقىلىق ئاشخانىغا سەپسېلىشتى. ئالتە نەپەر قورۇق خوجايىنى بىلەن ئالتە چوشقا ئۇزۇنچاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. ناپالېئون شىرەنىڭ تۆر تەرىپىدە ئولتۇرۇپتۇ. چوشقىلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرى شۇنداق بەهۇزۇر. مېهمان بىلەن ساهىبخان باشتا قارت ئويناشتى، بىر ـ بىرىگە قەدەه سۇنۇشقا تۇتۇندى. يوغان بىر ئاپقۇر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. تۇتقۇچلۇق ئىستاكانلار تەكرار ـ تەكرار هالدا پىۋىلار بىلەن تولدى. هايۋانلارنىڭ سىرتتىن تۆشۈكتەك ماراشلىرىغا هېچكىم دىققەت قىلمىدى.

تۇلكە جاڭگالدىكى پىلكىڭتون ئەپەندى قەدەهنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەن كۆپچىلىكنى بىر قەدەهتىن ئىچىشكە تەكلىپ قىلىمەن، قەدەه كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، — دېدى ئۇ، — ئۇزۇن مەزگىللىك ئىشەنمەسلىك ۋە خاتا چۈشىنىشلەرگە خاتىمە بېرىلدى، بۇ كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان بىر ئىش، بۇ هەر قايسىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇچۇنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. ئىلگىرى ھايۋانلار قورۇقى ئىنسان قوشنىلىرىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىغان، بەلكىم، بۇ ئىنسان قوشنىلارنىڭ ئەندىشىلىرىدىن دېرەك بەرسە كې-رەك. بەزىدە بەختسىز ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، خاتا ئىدىيەلەر-مۇ بازار تېپىپ قالىدۇ. ئەينى چاغدا بىر قورۇققا چوشقا ئى-گە بولۇپ باشقۇرىدىغان ئىشلار بىنورمال تۈيۈلۈپ، قوش-نىلارغا شۈبھىلىك تەسىر بەرگەنىدى. نۇرغۇن قورۇقدارلار تەكشۈرمەيلا بۇنداق قورۇق خوجىدارلىقى ئۇچىغا چىققان قا-نۇنسىزلىق، ئۇ يەردە چوقۇم بىدئەت نەرسىلەر ھۆكۈم سۈرى-دۇ، دېگەنىدى. بۇ خوجايىنلار ئۆزلىرىنىڭ قورۇقىدىكى ھايۋانلار ۋە چاكارلارنىڭ تەسىرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەن-سىرىگەنىدى. مانا ھازىر ئۇنداق ئەندىشىلەر يوققا چىقتى. بۈگۈن مەن ۋە باشقا دوستلار ھايۋانلار قورۇقىغا كېلىپ، زىيارەتتە بولۇۋاتىمىز، ھەممە يەرنى كۆردۇق، بايقىغىنىمىز نېمە بولدى؟ شۇنى ھېس قىلدۇقكى، ھايۋانلار قورۇقىنىڭ مەشغۇلات قائىدىلىرى ئەڭ زامانىۋى بولۇش بىلەن بىر

ۋاقىتتا، تۇزۇملىرى مۇنتىزىم، ئىشلىرى تەرتىپلىك ئىكەن. بۇ باشقا ھەرقانداق قورۇققا ئۆرنەك بولالايدۇ. ھايۋانلار قو-رۇقىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار ۋىلايەتتىكى باشقا قو-رۇقلاردىكى ھايۋانلارغا قارىغاندا، جىق ئىشلەپ، ئاز يەيدى-كەن. بۇ گېپىمىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ئىشى-نىمەن. بىز بۇ يەردە كۆرگەنلىرىمىزنى ئۆز قورۇقلىرىمىزدا تەتبىقلىماقچىمىز.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر تەكىتلەيمەنكى، ھايۋانلار قورۇقى بىلەن قوشنا قورۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھېسسىيات ئىزچىل داۋاملىشىشى لازىم. چوشقىلار بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولمىغان زىددىيەتنىڭ بۇنىڭ-دىن كېيىنمۇ بولۇش زۆرۈرىيىتى يوق. بىزنىڭ كۈرەش نى-شانىمىز ۋە يولۇقىدىغان قىيىنچىلىقىمىز ئوخشاش. ئەم-گەكچىلەر مەسىلىسى ھەممىلا يەردە مەۋجۇتقۇ؟

بۇ يەرگە كەلگەندە پىلكىڭتون ئەپەندى كۆپچىلىككە ئازراق قىزىقچىلىق قىلىپ بەرمەكچى بولدى، بىراق كۈلكى-سى قىستاپ كېتىپ، گەپ قىلالماي قالدى. كۈلكىسى قىس-تاپ ئۆپكىسىگە كەتكەن پىلكىڭتون ئەپەندىنىڭ پەشتاقسى-مان ئېڭەكلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئازراق ئۆتكەن-دىن كېيىن، ئاخىرى يەنە زۇۋانغا كەلدى:

— سىلەردە تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغان تۆۋەن دەرد-جىلىك ھايۋانلار بار، بىزدە ئەدەپلەپ تۇرمىسا بولمايدىغان تۆۋەن قاتلام سىنىپ بار!

بۇ قالتىس ئىباردىن سورۇن ئەھلى كۈلۈپ، تېلىقىپ كېتىشتى. پىلكىڭتون ئەپەندى يېمەكلىكى ئاز، ئەمگەك ۋاقتى ئۇزۇن، ئىنتىزامى قاتتىق ھايۋانلار قورۇقىنىڭ ئى-گىلىرى بولغان چوشقىلارغا ئاپىرىن ئېيتىدىغانلىقىنى بىل-دۈردى.

پىلكىڭتون ئەپەندى قەدەھلەرنى لىقلاشنى تەلەپ قىلـ-
دى.
— ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ، — ھايۋانلار قورۇقىغا ئامەت
تىلەپ قەدەھ كۆتۈرەيلى!
خۇشال كۈلكە سادالىرى ۋە پۇت ئۇرۇشلار ئەۋجىگە
چىقتى. ناپالېئوننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ
ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى پىلكىڭتون ئە-
پەندىنىڭ يېنىغا بېرىپ قەدەھ سوقۇشتۇردى ۋە قولىدىكى
شارابنى ئىچىۋەتتى. تىلەكلەر ۋە كۈلكە ئاۋازلىرى بېسىققاند-
دىن كېيىن، ھېلىھەم ئىككى پۇتلاپ ئۆرە تۇرۇۋاتقان ناپالې-
ئون بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىدى.
ناپالېئوننىڭ بۇ نۇتقىمۇ ناھايىتى قىسقا بولۇپ، مەق-
سەتنى ئۇدۇللا ئىپادىلىدى:
— ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىد-
دىن مەنمۇ بەك خۇش، — دېدى ئۇ، — ئۇزاقتىن بېرى مەن
ۋە مېنىڭ يولداشلىرىمنى ئاغدۇرمىچى ۋە ئىنقىلابچى دەپ
ئىغۋا تارقىتىشتى، مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەند-
لەرنىڭ ئىشى. سىرتقى دۇنيا بىزنى باشقا قورۇقتىكى
ھايۋانلارنىمۇ ئىسيانغا كۈشكۈرتتى دەپ قارىدى. نېمىدېگەن
بىمەنە گەپ بۇ! قوشنىلار بىلەن ھەرزامان ئىناق ئۆتۈپ،
نورمال سودا ئالاقىسى ئورنىتىش بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. ئىلـ-
كىمىزدىكى بۇ قورۇق بىر ھەمكارلاشما كارخانا. قولۇمدىكى
مۈلۈك ئىگىدارچىلىق كىنىشكىسى چوشقىلارغا مەنسۇپ.
كۆڭلىمىزدىكى تۇگۈنلەرنىڭ يېشىلىدىغانلىقىغا قەتئىي
ئىشىنىمەن، قورۇقىمىز ئۆزىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزاملىرىد-
نى ئىسلاھ قىلدى، بۇ ئارىمىزدىكى ئىشەنچنى تېخىمۇ ئىلـ-
گىرى سۈرىدۇ. ھازىرغىچە قورۇقىمىزدا ئەخمىقانە بىر ئادەت
ساقلىنىپ كەلدى، بۇ ئادەت بويىچە، ھايۋانلار بىر - بىرىنى

يولداش، دەپ چاقىرىدۇ. بۇنداق چاقىرىش ئەمدى چەكلىنىدۇ. نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر قىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ، ھەر يەكشەنبە ئەتىگەندە گۈللۈكتىكى تۇۋرۇككە مىخلاپ قويۇلغان چوشقا بېشىغا تەزىم قىلىش. بۇ ئىشمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ، ئۇ ئىسكىلىتمۇ كۆمۈپ تاشلىنىدۇ. بەلكىم، مېھمانلار لەپىلدەپ تۇرغان يېشىل تۇغنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭدىكى ئاق رەڭلىك مۈڭگۈز ۋە پاچاقلارنىڭ يوق قىلىنغانلىقىغا دىققەت قىلغانسىلەر. بايرىقىمىز ئەمدى سىدام يېشىل بايراق بولىدۇ.

پىلكىڭتون ئەپەندىنىڭ بايىقى دوستانە، قاملاشقان سۆزلىرىگە ئازراق تەنقىدىي پىكرىم بار. بۇ ئەپەندى قورۇقىمىزنى «ھايۋانلار قورۇقى» دەپ ئاتىدى. ئېھتىمال، پىلكىڭتون ئەپەندىنىڭ خەۋىرى بولمىسا كېرەك، مەن ناپالېئون «ھايۋانلار قورۇقى» دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن قورۇقىمىزنىڭ نامى «باغ قورۇق» بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ قورۇقىمىزنىڭ ھەقىقىي نامى.

— ئەپەندىلەر، — دېدى ناپالېئون سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — مەن كۆپچىلىكنى ئۆزگىچە بىر مەزمۇندا قەدەھكە تەكلىپ قىلىمەن. قېنى، ئەپەندىلەر، قەدەھلەرنى تولدۇرۇپ، باغ قورۇقىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

بۇرۇنقىدەك شادىيانە تىلەكلەر تىلەندى، قەدەھلەر قۇرۇقدالدى. بىراق، بايىقى ئىشلارنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان ھايۋانلار بىرەر ئىشنى سەزگەندەك بولۇشتى. كىلوۋېر خىرە كۆزلىرى بىلەن چوشقىلاردىكى ئالامەتلەرنى كۆزەتتى. ئۇ بىر چوشقىدا بەش ئېڭەك، يەنە بىرىدە تۆت ئېڭەك، يەنە بىرىدە ئۈچ ئېڭەكنىڭ پەيدا بولغىنىنى كۆردى. زادى نېمىلەر يوقاپ، نېمىلەر پەيدا بولدى؟ بۇ ۋاقىتتا چاۋاكلار بېسىقىپ، مېھمان ۋە ساھىبخانلارنىڭ قارت ئويۇنى باشلاندى. دېرىزە

www.uyghurkitap.com

تۇۋىدىكى ھايۋانلار چاندۇرماي كەينىگە قايرىلىشتى.
ئۇلار يىگىرمە قەدەم ماڭار ــ ماڭمايلا، خوجايىنىنىڭ ئۆ-
يىدىن چىققان ۋاراڭ ــ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، جايىدا تۇرۇپ قې-
لىشتى. ئۇلار كەينىگە يېنىپ، دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە قارى-
دى. ئۆيدە كەسكىن بىر ماجىرا بولۇۋاتاتتى. بەزىلەر ھومى-
يىپ قارايتتى، بەزىلەر چىدىماسلىق قىلمىدىم، دەپ ئۆزىنى
ئاقلايتتى. ماجىرانىڭ سەۋەبى قاغىنىڭ تۇزىنىڭ ناپالىئون
بىلەن پىلكىڭتوننىڭ قولىدىن بىرلا ۋاقىتتا چىقىپ قالغاز-
لىقى بولسا كېرەك.

ئون ئىككى ئېغىز توختىماي كاپىشىيتتى، ئاۋازلىرى
پەرقسىز ئىدى. چوشقىلارنىڭ چىرايىدا نىمە ئۆزگىرىشلەر-
نىڭ بولغانلىقى ھايۋانلارغا ئەمدى مەلۇم بولدى. ھايۋانلار نە-
زەرىنى چوشقىدىن ئادەمگە، ئادەمدىن چوشقىغا، يەنە چوشقى-
دىن ئادەمگە يۆتكەيتتى. چوشقىنىڭ چىرايى بىلەن ئادەمنىڭ
چىرايىنى ئېنىق پەرق ئېتىش زادىلا مۇمكىن بولماي قالدى.

1943 ــ يىل نويابىر، 1944 ــ يىل فېۋرال.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

www.uyghurkitap.com

مەزكۇر كىتاب شاگخەي تەرجىمە نەشرىياتى 2009-يىلى 7-ئايدا نەشر قىلغان
1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئايتىللا ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتور: سەبىيەم ئەختەم

# ھايۋانات قورۇقى

## ئاپتورى: جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)
## تەرجىمان: ئابدۇقادىر جالالىددىن

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2013-يىل 4-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2013- يىل 4- ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 4.625 |
| باھاسى | : | 11.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12666-8/I・2413 (维 59)

本书根据上海译文出版社2009年7月第一版第一次印刷版本翻译出版

图书在版编目(CIP)数据

动物庄园 : 维吾尔文 / (英) 奥威尔 (Orwell,G.)著; 阿不都卡德尔·加拉里丁译. -- 北京:民族出版社,2013.3
ISBN 978-7-105-12666-8

Ⅰ. ①动… Ⅱ. ①奥… ②阿… Ⅲ. ①长篇小说－英国－现代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I561.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第051871号

责任编辑: 阿依吐拉·艾米都拉
责任校对: 赛比耶·艾合坦木
出版发行: 民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址: 北京市和平里北街14号　邮编: 100013
电　　话: 010-64290862 (维文室)
印　　刷: 北京市迪鑫印刷厂
版　　次: 2013年4月第1版 2013年4月北京第1次印刷
开　　本: 850×1168毫米 1/32
印　　张: 4.625
定　　价: 11.00元

ISBN 978-7-105-12666-8/I·2413 (维59)